# كىتابنى ئۆگىنەن





# تەقدىم

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سۆيۈملۈك بالىلار، مەرھابا!

ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى بەخت- سائادەتكە ۋە توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتكەن كىتابىمىز قۇرئانى- كەرىمنى ئوقۇپ چۈشىنىش ھەممىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر. ئۇنىڭ مۇقەددەس چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىشىمىز ۋە ئۇنى چۈشىنىشىمىز لازىم.

قۇرئاننى ياخشى بىلمىسەك، ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىشتە قىينىلىمىز. قولۇڭلاردىكى بۇ كىتابتا قۇرئانى- كەرىمنىڭ قانداق بىر كىتاب ئىكەنلىكى، ئىچىدە قانداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقى، ئىنسانلارنى ۋە جەمىيەتلەرنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىنى تونۇتۇشى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆرنەك كۆرەشلىرىنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچىمىز.

قۇرئانى- كەرىم ئالدى بىلەن بىزگە ياراتقۇچىمىزنى تونۇشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كائىناتنى، جىمى مەۋجۇداتلارنى ۋە ئىنسانلارنى قانداق ياراتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. رەببىمىزگە قانداق دۇئا، ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. بىزگە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى كۆرسەتكەندەك، يامانلىق ۋە ناچار ئىشلاردىنمۇ ئۇزاق تۇرۇشىمىز ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ بىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتىدۇ. ئائىلىمىز، جەمىيىتىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارىتا مەسئۇلىيىتىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

كىتابىمىزغا ئىشەنسەك، بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلساق، بەختلىك بولىمىز.

رەببىمىز بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىزگە بولباشچى قىلىپ ئەۋەتكەن، ئۇنىڭغا مۇقەددەس كىتابىمىزنى ئۆگەتكەن. ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنى بىزگە ئۆگەتكەن، بىزگە ۋە ئىنسانلارغا نىجاتلىق يولىنى كۆرسەتكەن.

رەببىمىزنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇ بىزگە ياخشى كۆرۈشنى ئۆگەتتى. كائىناتنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنى بىز ئۈچۈن ياراتتى. بىزگە ھايات بەردى، ساغلاملىق ۋە خۇشاللىق بەردى.

رەببىمىز ياراتقان ھەر شەيئىنى: ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، تەبىئەتنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇلارغا قارىتا مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقىنى بىلىمىز. مەسئۇلىيىتىمىزنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىشقا تىرىشىمىز.

سۆيۈملۈك بالىلار!

كىتابىمىز قۇرئانى- كەرىمنى ئوقۇپ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز سىلەرگە تەقدىم قىلغان بۇ كىتابنى ياقتۇرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. سىلەرگە مۇقەددەس كىتابىمىزنى تونۇشتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتۇق.

گۈزەل كىتابىمىزنى ئوقۇيلى، ئوقۇغانسىرى گۈزەللىشەيلى. ھەممىمىز بىرلىكتە گۈزەل بىر دۇنيا قۇرايلى. سىلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، بىز سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...

**تۈركىيە باش مىنىستىرلىك دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى**


**مۇئەللىپ:**

ئوسمان ئۆزباغچە

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**

تۇرسۇنئاي

**رەسىم كىرىشتۈرگۈچى:**

داغىستان چەتىنكايا

**نەشرىيات مەسئۇلى:**

مەھمەت ئەردوغان

**رىياسەتچى:**

ئۆمەر مەنەكشە

**2009 ــ ئەنقەرە**

ISBN: 975-19-3858-9



**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:**

Eskişehir yolu 9. km.

Çankaya / ANKARA

Tel: (+90 312) 295 73 06

Faks:(+90312)2847288

**تور ئادرېسى:**

www.diyanet.gov.tr

**ئېلخەت:**

diniyayinlar@diyanet.gov.tr

# كىتابىمنى ئۆگىنىمەن

دىيانەت ئىشلىرى كومىتېتى نەشرىياتى

ئەنقەرە
2009

# مۇندەرىجە


## 1 ـ باپ: ئەڭ ئۈستۈن مەخلۇق ئىنسان

- كېلىدىغان مېھمان ........ 9
- قۇياش ھەر سەھەر بىز ئۈچۈن تۇغىدۇ ........ 10
- دۇنيا ھاياتى بىر سەپەردۇر ........ 11
- ھەممە نەرسە بىزگە ئامانەت ........ 12
- دىن بەخت ـ سائادەت يولىدۇر ........ 13
- ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ........ 14
- مۇقەددەس كىتابلار ........ 15
- قۇرئانى ـ كەرىم ........ 16

**ئوقۇيلى: ھەرە ئۆزىنىڭ ئىسمىدا نازىل بولغان سۈرە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ** ........ 18

## 2 ـ باپ: كىتابىمىزنى تونۇيلى

- بىر پەرىشتە كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئوقۇ دېدى ........ 21
- كىتابىمىزنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار ........ 21
- چېچەك چېچەك ئايەتلەر بىرەر بىرەر كەلدىلەر ........ 22
- ھەر ئىشنىڭ بېشى بىسمىللاھ ........ 24
- سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرى ........ 24
- قۇرئانى ـ كەرىمدىن سۈرىلەر ........ 25
- ھەر پارىدە بىر گۈل ........ 26
- سۆز ئۇچار، يازما قالار ........ 26
- قۇرئان بۇلبۇللىرى: قارىلار (ھافىزلار) ........ 28
- خەتمە: قۇرئاننى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ تاماملاش ........ 29
- ھۆسنىخەت ئىستانبۇل خەتتات ئىستانبۇل ........ 29
- قۇرئانى ـ كەرىمنى چىرايلىق ئوقۇش ........ 30
- تەسىرلىك كىتاب ........ 31
- قۇرئانى ـ كەرىم توغرا سۆزلەيدۇ ........ 31
- ئۇ ئىنسانلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان كىتابتۇر ........ 32

**ئوقۇيلى: چۈمۈلە ئىسمى ئۈچۈن نازىل بولغان سۈرىنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ** ........ 34

## 3 ـ باپ: **قۇرئانى ـ كەرىمدە نېمىلەر بار؟**


- قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرى ........ 39
- قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە ئىمان ئاساسلىرىنى ئۆگىتىدۇ ........ 41
- قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە ئىبادەتلىرىمىزنى ئۆگىتىدۇ ........ 42
- قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ ........ 43
- قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆگىتىدۇ ........ 44
- قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە ھالال بىلەن ھارامنى، ياخشى بىلەن ياماننى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشنى ئۆگىتىدۇ ........ 45
- قۇرئانى ـ كەرىم ئائىلە تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ........ 46
- قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئۆگىتىدۇ ........ 46
- قۇرئانى ـ كەرىمدىن باللارغا نەسىھەتلەر ........ 51

**ئوقۇيلى: ئۆمۈچۈك ئىسمى ئۈچۈن نازىل بولغان سۈرىنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ** ........ 53


## 4 ـ باپ: **قىسسەلەردىن ئالىدىغان ئىبرەتلەر**


- تۇنجى ئىنسان تۇنجى پەيغەمبەر ........ 57
- نوھنىڭ كېمىسى ........ 62
- ئوت ئىچىدىكى گۈل باغچىسى ........ 64
- گۈزەللەر گۈزىلى يۇسۇف ........ 70
- سۇدىكى بوۋاق: مۇسا ئەلەيھىسسالام ........ 73
- تۆمۈرچىلىك ئۇستىسى پەيغەمبەر: داۋۇد ئەلەيھىسسالام ........ 77
- قۇشلار بىلەن گەپلىشەلەيدىغان پەيغەمبەر: سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ........ 77
- بىر بوۋاق گەپ قىلىۋاتىدۇ: مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام ........ 78
- قۇرئانى ـ كەرىم: ۋەھيى مەدەنىيىتى ........ 80


ت
و
ن
ظ

بىرىنچى باپ

# ئەڭ ئۈستۈن مەخلۇق ئىنسان

## كېلىدىغان مېھمان

يەرشارىمىز ئۇزۇن جەريانلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كېلىدىغان بىر مېھمان ئۈچۈن ھازىرلانغان ئىدى.

يەر شارى قۇياش ئەتراپىدىكى ئوربىتىسىغا يەرلەشتۈرۈلدى، ھەم ئۆزىنىڭ ئوربىتاسىدا ھەمدە قۇياش ئەتراپىدا ئايلىناتتى.

يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ۋە قۇياشنىڭ ئەتراپىدىكى ئايلىنىش سۈرئىتى دەل مۇشۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ئىدى. ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى بىلەن كېچە-كۈندۈز، قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشى بىلەن پەسىللەر ئالمىشىپ تۇراتتى.

يەر شارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى ئۆلچەملىك ئىدى. ئەگەر بىر ئاز يېقىن بولغان بولسا، يەر ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بولاتتى، ئەگەر ئۇزاق بولغان بولسا، توڭلاپ، مۇزلاپ كەتكەن بولاتتى.

سىرتتىن كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك خېيىم-خەتەرلەرگە قارشى ياخشى مۇداپىئە قىلىدىغان ئاتموسفېرا بىلەن قورشالغان ئىدى.

يەر شارى بۇ يەرگە كېلىدىغان مېھماننىڭ ھاياتىدىكى ۋاقتىلىق تۇرالغۇ يېرى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىدى.

يەر شارى شۇنچىلىك گۈزەللىك بىلەن زىننەتلەنگەنكى، بۇلارنى ساناپ بولۇشقا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيتتى.

كېلىدىغان مېھماننىڭ ئېھتىياجىغا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەتراپلىق تەييارلانغان بولۇپ، ھېچقانداق نەرسە كەم قالمىغان ئىدى.

ھەر شەيئى ھازىرلانغاندىن كېيىن نىھايەت ئۇ چاغ يېتىپ كەلدى.

«ھەقىقەتەن بىز ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتۇق.» (تىن سۈرىسى، 4-ئايەت)

«بىز ئىنسانغا جان تومۇرىدىنمۇ بەك يېقىنمىز.» (قاف سۈرىسى، 16-ئايەت)

«قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللىدۇر.» (ھەدىد سۈرىسى، 4-ئايەت)

كېلىدىغان مېهمان يارىتىلدى ۋە يەر شارىدىكى بۇ گۈزەل تۇرالغۇسىغا چۈشۈرۈلدى.

ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ناهايىتى گۈزەل ئىدى.

باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىق ئىدى.

ئەقلى ۋە ئىرادىسى بار ئىدى. ھېسسىياتچان ئىدى، تەپەككۇر قىلالايتتى، سۆزلىيەلەيتتى.

ياراتقۇچى بۇ مېهماننى قەدىر-قىممەتلىك قىلدى، چۈنكى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

## قۇياش ھەر سەھەر بىز ئۈچۈن تۇغىدۇ

كائىناتنىڭ تەك ياراتقۇچىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر. ئاللاھ بار ئىدى، باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئاللاھ كائىناتنى، پىلانىتلارنى، يۇلتۇزلارنى، ئاينى ۋە قۇياشنى ياراتتى. ھەممىگە ھاياتلىق بەردى.

ئاللاھ يەر شارىنى بىز ئۈچۈن ياراتتى. ئۇنى تاغلار، دېڭىزلار، تۈزلەڭلىكلەر ۋە دەريالار بىلەن زىننەتلىدى. شامالنى، تۇپراقنى، سۇنى ۋە ھاۋانى ياراتتى. نۇرنى، رەڭنى ۋە ئاۋازنى ياراتتى. بارلىق جانلىقلارنى: ئۆسۈملۈكلەر، قۇشلار، قۇرت-قوڭغۇزلار، ھاشارەتلەر ۋە گۈل-چېچەكلەرنى بىز ئۈچۈن ياراتتى. ئورمانلىقلاردا خىلمۇ-خىل مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەرنى ياراتتى. رەڭگارەڭ پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر، ئۆسۈملۈكلەر، مايسىلارنى ياراتتى. ياپ-يېشىل يۆگىمەچ ئوتلارنى ياراتتى. چۆلدىن باشلاپ پىلگىچە بارلىق ھايۋاناتلارنى ياراتتى.

بەزىسىنى ئۆمىلەپ ماڭىدىغان، بەزىسىنى پۇتى بىلەن ماڭىدىغان، بەزىسىنى ئىككى پۇتلۇق، بەزىسىنى تۆت پۇتلۇق ۋە ھەتتا بەزىسىنى كۆپ پۇتلۇق قىلىپ ياراتتى. قۇشلارنى ئۇچسۇن دەپ ئىككى قانات بەردى. بېلىقلارنى سۇدا ئۈزسۇن دەپ پالاقچە بەردى. ھەربىلەرگە ھەسەل قۇسۇشنى ئۆگەتتى. دۇنيادا نېمە يارىتىلىشقا تېگىشلىك بولسا، ھەممىسىنى ياراتتى.

«ئاسمانلار بىلەن زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.» (بەقەرە سۈرىسى، 164-ئايەت)

### ئاللاھ: «ۋۇجۇتقا كەل!» دېگەنلىكى ئۈچۈن ھەممە نەرسە بارلىققا كەلدى

قۇياش ھەر كۈنى سەھەردە بىز ئۈچۈن تۇغىدۇ. بىز ئۈچۈن سەھەر بولىدۇ. دەريالار بىز ئۈچۈن ئاقىدۇ. گۈل-چېچەكلەر ھەر باھاردا بىز ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. قۇشلار بىز ئۈچۈن سايرايدۇ ناخشىلىرىنى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن. ئاللاھ بىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. بىزنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە بۇ قەدەر قەدىر-قىممەت بەرگەن ئاللاھقا قانچىلىك شۈكۈر قىلساق يەنىلا ئازدۇر.

ئۆسۈملۈكلەر خىلمۇ-خىل، ھايۋاناتلار ھەر تۈرلۈك، گۈل-چېچەكلەر رەڭگارەڭ، مېۋىلەرنىڭ تەمى ھەر خىل. ھەممىسىنىڭ باشقىچە بىر گۈزەللىگى، باشقىچە بىر ئالاھىدىلىكى باردۇر. تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىنى ئاڭقىرىپ بولۇشقا كۈچىمىزنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دۇنيا گۈزەل، ئىنسان تېخىمۇ گۈزەل. بۇ قەدەر گۈزەل دۇنيا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بەك گۈزەل بولغان بىر مەۋجۇداتنىڭ خىزمىتىگە تەقدىم قىلىنغان. ئاللاھ ئىنساننى مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ۋە ئەڭ ئۈستۈنى قىلىپ ياراتقان.

بىزنى يوقتىن بار قىلغان، بىزگە كۆز-قۇلاق، پۇت-قول بەرگەن، بىزنى بىر ئاتا-ئانىدىن ياراتقان ئاللاھقا ئىشىنىمىز. چۈنكى ئۇ باردۇر ۋە بىردۇر. ھەممە شەيئىنى ئۆزى يالغۇز، ھېچكىمنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولماي ياراتقان. ئاللاھ تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان. ئۇنىڭ بالىسى يوقتۇر. بۇنىڭغا ئېھتىياجىمۇ يوقتۇر. بىز ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى، ياردەمچىسى يوقلۇقىنى ۋە كائىناتنىڭ تەك ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى پەيغەمبىرىمىزدىن ۋە كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىمدىن بىلىمىز.

«ئاللاھ بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇتقا كەل» دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.» (ياسىن سۈرىسى، 82-ئايەت)

❖❖❖

«مېھرىبان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدا ھېچكىم بىرەر نوقساننى كۆرەلمەيدۇ.» (مۈلك سۈرىسى، 3-ئايەت)

## دۇنيا ھاياتى بىر سەپەردۇر

دۇنياغا كېلىشىمىز بىز چىققان بۇ سەپەرنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر. ئىنسان قەدەممۇ-قەدەم ياشايدۇ ھاياتىنى. قەدەممۇ-قەدەم چوڭ بولىدۇ، يۇغىنايدۇ ۋە قېرىيدۇ. بىر كۈنى كېلىدۇ، ئۆلىدۇ، دۇنيا ھاياتىنى تاماملايدۇ. ئاللاھ باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۇنىڭغا بەرگەن ئەقىل بىلەن ھاياتىنى مەلۇم نىشانغا بۇرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە گەرچە ئىنسانغا ئەقىل بېرىلگەن بولسىمۇ، دۇنياغا خالىغانچە قويۇۋېتىلگەن ئەمەس. ئىنسان دۇنيادىكى بۇ سەپىرىدە پەقەتلا ئەقلىنىڭ رەھبەرلىكىدە بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىر يولباشچىغا ئېھتىياجى بار. چۈنكى بۇ دۇنيا ئىنسانلار ئۈچۈن شۇنداقلا بىر ئىمتىھان مەيدانىدۇر.

«ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر. چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار.» (نەھل سۈرىسى، 12 ـ ئايەت)

دۇنيا ھاياتىدا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغانلار بولغىنىدەك، توغرا يولدىن ئازدۇرغۇچىلارمۇ بار. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا قارشى چىققان شەيتان داۋاملىق ئىنسانلارنى ئازدۇرماقچى بولىدۇ. شەيتان ئىنسانلارنىڭ بەختلىك، راھەت ياشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن خىلمۇ ـ خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى ئېزىقتۇرۇپ، ناچار، قەبىھ نەرسىلەرنى گۈزەل، چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولدىن ئايرىپ، يامان، ناچار ئىشلارنى قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. بۇنىڭغا قارشى ئاللاھ ئىنسانلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىھ ئىشلاردىن ئۇزاق قىلىشنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. پەيغەمبەرلەر بەخت ـ سائادەت يولى بولغان ئاللاھنىڭ دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلسا بەختلىك ياشايدۇ. شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدانسا بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا بولغان ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاپلىنىدۇ.

## ھەممە نەرسە بىزگە ئامانەت



ئاللاھ بىزنى ۋە بۇ گۈزەل دۇنيانى بىكارغا ياراتمىغان. ئىنسانلارغا مەسئۇلىيەتلەر يۈكلىگەن. ھەممە نەرسە: بۇ دۇنيا، جانلىقلار ۋە ھاياتىمىز بىزگە ئامانەت قىلىنغان.

ئاللاھ بىزگە مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلالىغۇدەك ئەقىل، تەپەككۇر ۋە سۆزلەش قابىلىيىتى بەرگەن. تېخىمۇ گۈزەل بىر دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن ئادالەت ۋە مەرھەمەت تۇيغۇسى بەرگەن.

دۇنيادا خۇددى بىزدەك جېنى بار نۇرغۇن مەۋجۇدات ياشىماقتا. يېشىل ئوت ـ چۆپلەر، چىمەنلەر، باغۇ ـ بوستانلار، گۈل ـ گۈلىستانلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، قۇشلار، بۆرە ـ تۈلكىلەر...نىڭمۇ ھاياتى بار. گەرچە بىزنىڭ ھاياتىمىزغا ئوخشىمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىر ھايات، جېنى بىر جاندۇر. شۇڭا، بىزلەر جېنى بار ھەرقانداق بىر مەۋجۇداتنى رەنجىتمەسلىككە تىرىشىمىز. چۈنكى ئۇلار بىزگە ئامانەتتۇر. بىز ئۈچۈن يارىتىلغان باشقا جانلىقلاردىن كائىناتنىڭ

«ئاللاھنىڭ نەزىرىدە توغرا (مەقبۇل) دىن ئىسلام دىنىدۇر.»
(ئال-ئىمران سۈرىسى، 19-ئايەت)

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە ئاللاھنىڭدۇر، ھەممە ئاللاھقا بويسۇنغۇچىدۇر.»
(رۇم سۈرىسى، 26-ئايەت)



تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنى بۇزمىغان ئاساستا ئاللاھ بىكىتكەن ئۆلچەملەر بويىچە پايدىلىنىش بولىدۇ.

## دىن بەخت-سائادەت يولىدۇر

بىزنى رەببىمىز ئاللاھ ئەڭ ياخشى تونۇيدۇ. چۈنكى بىزنى ئۇ ياراتقان. ئۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزمۇ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ياراتقانلىرىنى ياخشى كۆرىمىز. قانداق قىلساق بەختلىك، قانداق قىلساق بەختسىز بولىدىغانلىقىمىزنىمۇ ئۇ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ئاللاھ دۇنيادا بىزنىڭ بەختسىز بولۇشىمىزنى خالىمايدۇ. يامان ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز ئۈچۈن، بەختلىك، ھۇزۇرلۇق ياشىشىمىز ئۈچۈن بىزگە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. پەيغەمبەرلەر بىزگە ئوخشاش ئىنسانلاردۇر. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن تاللايدۇ. ئۇلارنى ئالاھىدە قوغدايدۇ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ئۇلار ئېسىل ئەخلاقلىق، ئىشچان، راستچىل، ئىشەنچىلىك ۋە باتۇر ئىنسانلاردۇر. بىزگە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆگىتىدۇ. دىن بىزنىڭ بەختلىك بولۇشىمىزنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ھايات بىلىمى دېگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ ئاۋۋال ياراتقۇچىسى بىلەن، ئاندىن ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ماسلىشىپ بەختلىك، خۇشال-خورام ياشىشىنىڭ يولىنى دىن كۆرسىتىدۇ.

# ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە

ئاللاھ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتى، ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويمىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئىنسان ھەم تۇنجى پەيغەمبەر بولۇپ، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئاتىسىدۇر. ھەممە كىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەندۇر. ھەممىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىمىز. شۇڭا ئىنساننى ئادەم بالىسى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر كەلگەن. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ.

بىز پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىمىز. بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىمىزنىڭ پەيغەمبىرىدەك ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى ئۇلارنىمۇ ئاللاھ ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا ئوخشاش ھەقىقەتنى تەبلىغ قىلغان. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىشتۇر. ئاللاھ بىر بولغانلىقى ئۈچۈن پەرقلىق زامانلاردا پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئەۋەتكەن دىنمۇ بىردۇر. شۇڭا ئاللاھتىن كەلگەن بارلىق دىنلارنى ئىسلام، بارلىق پەيغەمبەرلەرنى ئىسلام پەيغەمبىرى دەپ ئاتايمىز.

تارىخ بويىچە ئىنسانلار ئۆزىگە ئۆگىتىلگەن دىننى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرتكەن. ئاللاھ ئەۋەتكەن بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە دىننى تەبلىغ قىلغان. لېكىن ئىنسانلار ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاللاھ ئەۋەتكەن دىنغا ئۆزىنىڭ ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلىرىنى قوشۇۋېلىش بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىنى بۇزغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بۇ مۇشۇنداق داۋاملاشقان.

ئاللاھ ئەۋەتكەن ھەر دىن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاشتۇر. لېكىن ئىنسانلارغا بەختلىك ھايات ياشىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنغان دىنىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ كەتكەندە ئىنسانلار ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. نەتىجىدە، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ دىنىدىن بىخەۋەر قالىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلار ھەقىقەتتىن خەۋەرسىز قالمىسۇن دەپ يېڭى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ، ياخشىلىقنى ۋە توغرىلىقنى داۋاملىق ئەسكە سالغان.

بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلمىگەن يالغۇز دىندۇر. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ئاساسلىرى مۇقەددەس

«ئاللاھ ھەر قەۋمگە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن.» (يۇنۇس سۈرىسى، 47-ئايەت)

❖❖❖

قۇرئانى-كەرىمدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر:
ئادەم ئەلەيھىسسالام،
ئىدرىس ئەلەيھىسسالام،
نۇھ ئەلەيھىسسالام،
ھۇد ئەلەيھىسسالام،
سالىھ ئەلەيھىسسالام،
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام،
لۇت ئەلەيھىسسالام،
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام،
ئىسھاق ئەلەيھىسسالام،
ياقۇب ئەلەيھىسسالام،
يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام،
ئەييۇب ئەلەيھىسسالام،
شۇئەيب ئەلەيھىسسالام،
مۇسا ئەلەيھىسسالام،
ھارۇن ئەلەيھىسسالام،
داۋۇد ئەلەيھىسسالام،
سۇلايمان ئەلەيھىسسالام،
ئىلياس ئەلەيھىسسالام،
ئەليەسا ئەلەيھىسسالام،
يۇنۇس ئەلەيھىسسالام،
زۇلكىفل ئەلەيھىسسالام،
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام،
يەھيا ئەلەيھىسسالام،
ئىسا ئەلەيھىسسالام،
مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

كىتابىمىز قۇرئانغا يېزىقلىقتۇر. ئۇلۇغ كىتابىمىز بۈگۈنگىچە ھېچقانداق ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىمىغان ھالەتتە ساقلانماقتا.
ئەمدى مۇقەددەس كىتابلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرايلى.

**بۇلاردىن باشقا قۇرئانى ـ كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئۈزەير، لوقمان ۋە زۇلقەرنەيىن ئىسىملىك ئۈچ كىشىنىڭ پەيغەمبەر ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق ئەمەس.**

## مۇقەددەس كىتابلار

پەيغەمبەرلەر ئاللاھ بىلەن بىز ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۆۋرۈك ياكى ۋاستىچىدۇر. ھەر پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى بىزگە يەتكۈزىدىغان بىر ئەلچىدۇر. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە بەرگەن مەلۇماتلار ۋەھيى دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەھيى ئاللاھتىن كەلگەن خەۋەر، ئاللاھنىڭ سۆزلىرى دېگەنلىكتۇر. ئاللاھنىڭ سۆزلىرى يېزىلغان كىتاب مۇقەددەس كىتاب دېيىلىدۇ. بۇ كىتابلار ئاللاھ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تاللانغان پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتكەن مەلۇماتلار توپلانغان كىتابلاردۇر.

ئاللاھ بەزى پەيغەمبەرلەرگە كىتاب، بەزىلىرىگە بىر قانچە ۋاراقلىق كىچىك كىتاب بەرگەن.

بۈگۈن دۇنيادا ئاللاھ ئەۋەتكەن دەپ ئىشىنىلىدىغان تۆت چوڭ كىتاب بار. بۇلار: «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر» ۋە بىزنىڭ كىتابىمىز «قۇرئانى ـ كەرىم». «تەۋرات» ۋە «زەبۇر» يەھۇدىيلارنىڭ، «ئىنجىل» خىرىستىئانلارنىڭ، «قۇرئانى ـ كەرىم» بولسا بىزنىڭ كىتابىمىزدۇر. «قۇرئانى ـ كەرىم»دىن ئىلگىرى نازىل بولغان كىتابلارغا ئىشەنگۈچىلەر ئەھلى كىتاب دەپ ئاتىلىدۇ.

### «تەۋرات»



«تەۋرات» مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر. مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمىي مۇقەددەس كىتابتۇر. يەھۇدىيلىك بولسا، ھەم بىر دىنىنىڭ، ھەمدە بىر ئىرقنىڭ ئىسمىدۇر. شۇڭا يەھۇدىيلىق پەقەتلا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ دىنىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلگەن «تەۋرات» ئۆز پېتى ساقلانمىغان. «تەۋرات» ئىسمى ئاستىدا يېزىلغان مەلۇماتلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەندۇر.

«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.»
(ھىجر سۈرىسى، 9-ئايەت)

## «زەبۇر»

«زەبۇر» داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ «تەۋرات»تىن كېيىنكى ئىككىنچى مۇقەددەس كىتابىدۇر. بۈگۈن «تەۋرات»نىڭ ئىچىدە بىر قىسىم سۈپىتىدە يەر ئالغان. تونجى قېتىم قاچان كىتابلاشتۇرۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. «زەبۇر» مەزمۇر دەپ ئاتىلىدىغان قىسىملاردىن تەركىب تاپقان. مەزمۇنىدا ئەمىر-پەرمان يوق. شېئىر شەكلىدە يېزىلغان بىر نەسىھەتنامىدۇر.

## «ئىنجىل»

«ئىنجىل» ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بولۇپ، خرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىدۇر. ئىسا ئەلەيھىسسالام ھايات چاغدا يېزىلمىغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن نۇرغۇن دىنىي زاتلار ئۆزى خالاپ بىردىن «ئىنجىل» يازغان ۋە بۇلار بىرلەشتۈرۈلگەن. ھەممىسى ئۆزىنىڭ قولىدىكى «ئىنجىل»نى توغرا دەپ قاراپ ئىشەنگەن. بۇ قالايمىقانچىلىق تارىختا خرىستىئانلار ئارىسىدا ئېتىقادنىڭ قالايمىقانلىشىشىغا سەۋەپ بولغىنىدەك، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قانلىق دىن ئۇرۇشلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەپ بولغان. خرىستىئان دىنىي زاتلار بۇ قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىش، رەتكە سېلىش ئۈچۈن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن 325 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىزنىك (بۈگۈن تۈركىيە چېگرىسى ئىچىدىكى بىر جاي)دا بىر چوڭ يىغىن ئاچقان. نەچچە كۈن ئۇزۇن تالاش-تارتىش قىلغاندىن كېيىن «ئىنجىل»لارنىڭ سانىنى تۆتكە چۈشۈرگەن. بۈگۈنكى «ئىنجىل» ئەنە شۇ تۆت كىتابنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن.

## «قۇرئانى-كەرىم»

«قۇرئانى-كەرىم» ئاللاھ ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەڭ ئاخىرقى كىتابتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا مۇقەددەس كىتاب كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىكى ئەمىر-پەرمانلار قىيامەت كۈنىگە قەدەر كۈچكە ئىگە.


«قۇرئانى-كەرىم»نىڭ باشقا مۇقەددەس كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان ئەڭ چوڭ پەرقى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھايات چاغدا يېزىلىپ خاتىرلەنگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە نازىل قىلىنغان

ئايەتلەرنى نۇرغۇن ساھابىلەرگە يادلاتقان. بۇ ئىسىل ئەنئەنىۋى ئادەت ئۇ كۈندىن بۇ كۈنگە قەدەر داۋاملاشقان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا «قۇرئانى-كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا يېزىقلىق ھالەتتە بار ئىدى. ھالبۇكى، «تەۋرات» مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ 700 يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كىتابلاشتۇرۇلغان. «ئىنجىل بولسا، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن 100-150 يىل كېيىن يېزىلىپ كىتابلاشتۇرۇلغان.

«قۇرئانى-كەرىم» مۇئەييەن بىر مىللەت ياكى دەۋرگە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ مۇقەددەس كىتابىمىز «قۇرئانى-كەرىم»نى قىيامەتكە قەدەر شەخسەن ئۆزى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭ بىر ھەرپىنى بولسىمۇ ئۆزگەرتىشكە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. چۈنكى قوغدالغان بىر كىتابتۇر.

ئىنسانلار «قۇرئانى-كەرىم»دە ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن يولدىن ئازماي ماڭسا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. ئىنساننى ۋە كائىناتنى سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن ياراتقۇچى، قەلبىمىزگە سۆيگۈ-مۇھەببەتنى يەرلەشتۈرگۈچى ئاللاھتۇر. ئويلاپ باقساڭلارچۇ؟ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى، بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان جىمى مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ رەببىمىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىنمۇ بەك چوڭ مۇكاپات بارمىدۇ؟ شۇنداق، بىز مېھرى-شەپقەت مەدەنىيىتىنىڭ باللىرى بىز.

**«ئۇ (ئاللاھ) مېنى ياراتقان، ئۇ مېنى ھىدايەت قىلىدۇ (توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ). ئۇ مېنى تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇسسۇلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ.»**
(شۇئەرا سۈرىسى، 78-80-ئايەتلەر)



## ئوقۇيلى...

**ھەرە ئۆزىنىڭ ئىسمىدا نازىل بولغان سۈرە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:**

مەن كىچىككىنە بىر ھەسەل ھەرىسىمەن. ئاللاھ ياراتقان بۇ بۈيۈك يەر شارىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەچچە مىليارد جانلىقنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن بىرىمەن.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئاخىرقى مۇقەددەس كىتابىدا ماڭا مەخسۇس يەر بېرىپ، مېنى تىلغا ئالماقتا. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە «قۇرئانى-كەرىم»دىكى بىر سۈرىگە مېنىڭ ئىسمىمنى قويغان. بۇنى بىلگەن چېغىمدا بەك خۇشال بولدۇم.

بۇ سۈرىدە ئۇلۇغ ئاللاھ ماڭا قانداق ئۇۋا تۈزىدىغانلىقىم، ھەرە كۆنىكىنى قانداق ياسايدىغانلىقىم، نەچچە كىلومېتىر ئۇزاقتا بولسىمۇ يولۇمدىن ئېزىقىپ كەتمەي مېڭىپ، چىرايلىق گۈل-چېچەكلەردىن ھەسەل شىرنىسى ئېلىپ، ھەسەلنى قانداق چىقىرىدىغانلىقىمنى ئۆگەتتى.

بىز بۇ ئەمرگە ئىتائەت قىلىپ، مۇكەممەل گېئومېتىرىك پىلان ۋە ماتېماتىكىلىق تاناسىپ بىلەن ھەرىكەت قىلىمىز. ئالدى بىلەن ئالتە بولۇڭ شەكلىدىكى ھەسەل مومى ھۇجەيرىسىدىن ھاسىل بولغان بىناكارلىق مۆجىزىسى كۆنەكنى ياسايمىز. ئاندىن ھەر خىل گۈل-چېچەكلەردىن تىرىشىپ تىرمىشىپ يىغىپ كەلگەن شىرنىلەرنى ئۆز بەدىنىمىزدە تۈرلۈك ماھارەت بىلەن ھەسەلگە ئايلاندۇرىمىز. ئاندىن بۇ ھەسەلنى كۆنەكنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئۆيگە ئىخلاس بىلەن تولدۇرۇپ تۆكىمىز. بۇ ۋەزىپىنى باشقا ھەرە قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۆز ئارا ئىش تەقسىملىشىپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قىلچىلىك نوقسانسىز ئەستايىدىل ئورۇندايمىز.

رەببىمىز بىزگە بىلدۈرگەندىن بېرى لەززەتلىك ۋە شىپالىق بولغان ھەسەلنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئىشلەۋاتىمىز. قىيامەتكىچە يەنە تۇختىماستىن مۇشۇنداق ئىشلەيمىز.

رەببىمىز بىزنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ھېچقانداق نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغانلىقىنى، ھېچقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى يوق ۋە ئەھمىيەتسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. دەل-دەرەخلەرگە، ئۇچار قۇشلارغا، جان-جانىۋارلارغا، رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەرگە، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريالارغا، ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ چەكسىز كۈچ-قۇدرەتنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا ئائىت ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىزنى خالايدۇ. بۇ گۈزەل دۇنيانىڭ تەڭداشسىز قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلماي، جىمى جانلىقلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان ياخشى ئىشلار بىزنى كۈتۈپ

«رەببىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن. ئاندىن كېيىن تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل-چېچەكلەردىن) يېگىن، رەببىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن». ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغان خىلمۇ-خىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ. بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان مىللەت ئۈچۈن ئىبرەت بار.»
(نەھل سۈرىسى، 68-69-ئايەتلەر)



تۇرماقتا. ھەرگىز ئۇنۇتمايلى! ئىنشائاللاھ، سىلەر بۇلارنى قىزىقسىنىپ تەتقىق قىلارسىلەر ۋە بىز ھەربىلەرنى ھەر كۆرگەن چېغىڭلاردا بۇ سۆزىمىزنى ئەسكە ئالارسىلەر.

خوش، ئۇنداقتا سىلەر قايسى جەھەتلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشىڭلار كېرەك؟ بۇنى ئازىراق بولسىمۇ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن قۇرئانى-كەرىمنى كۆپ ئوقۇشىمىز كېرەك. پەقەت مېنىڭ ئىسمىم تىلغا ئېلىنغان بۇ سۈرە ئىچىدىلا نۇرغۇن تېما بار. كېلىڭلار بۇ سۈرىگە بىر قاراپ باقايلى:

ئىسمىم تىلغا ئېلىنغان سۈرىگە قىزىقتىڭلار، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، مەن دەپ بېرەي: نەھل سۈرىسى ئىسمىنى مەندىن ئالدى. نەھل «ھەسەل ھەرىسى» دېگەنلىكتۇر. بۇ سۈرە قۇرئانى-كەرىمنىڭ 16-سۈرىسىدۇر.

نەھل سۈرىسىدە 128 ئايەت بار. بۇ ئايەتلەردە ئاسمان-زېمىندا بار بولغان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ گۈزەللىكى، بىر-بىرى بىلەن ماسلاشقان ھالەتتە نىزام ئىچىدە ئىكەنلىكى، ئىنسانلارغا خىزمەت قىلدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ياراتقان بارلىق شەيئىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشى، ئاللاھنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن. ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، قۇرئانى-كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىشىنىڭ مەقسىدى، ئەقلنى ئىشلىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا دىققەت تارتىلغان.

قىسقىسى، ئىمان، ئىنكار، ئادالەت، ياخشىلىق، تەپەككۇر، ئەقىل، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، بىلىم، سەۋرى-تاقەت ۋە تەقۋا قاتارلىقلار بۇ سۈرىدە تەكىتلەنگەن ئاساسىي تېمىلاردۇر.

ئېسىمگە كەلگەندە شۇ تېمىنىمۇ سىلەرگە ئېيتقاچ سۆزۈمنى توختاتماقچىمەن: پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۈتكۈل مەۋجۇداتلارغا قارىتا قانچىلىك سەزگۈر مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ھەتتا ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ ئەسكەرلىرىگە ۋە ساھابىلىرىگە: «ھايۋانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، دەل-دەرەخلەر، ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان سالماڭلار. بالىلار، ئاياللار، ئىبادەت قىلىۋاتقان غەيرى-مۇسلىملار (باشقا دىندىكىلەر) ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا چېقىلماڭلار!» دەپ تاپىلىغانلىرىغا كۈنىمىزدىكى دۇنيا قانچىلىك موھتاج-ھە! مەن بۇلارنى ئاڭلىغان چېغىمدا قاتتىق تەسىرلەندىم. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر بىزگە ئوخشاش كىچىككىنە بىر جانلىققىمۇ شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنسانلارغا بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتسا، مەن قانداقمۇ تەسىرلەنمەي تۇرالايمەن؟!

ئىككىنچى باپ

# كىتابىمىزنى تونۇيلى

## بىر پەرىشتە كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئوقۇ دېدى

ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە قۇرئانى-كەرىمنىڭ تۇنجى ئايەتلىرىنى نۇر تېغىدىكى ھىرا غارىدا ۋەھيى قىلدى. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئەلەق سۈرىسىنىڭ «ئوقۇ!» دەپ باشلانغان دەسلەپكى بەش ئايىتىنى بۇ يەردە ئېلىپ كەلدى.

پەيغەمبىرىمىز قىرىق ياشقا كىرگەندە تۇنجى ۋەھيى كەلدى. بۇ ۋاقىت بىز روزا تۇتىدىغان رامىزان ئېيى مەزگىلى، دۈشەنبە كۈنى ئىدى. مىلادى 610-يىلى يۈز بەرگەن بۇ ھادىسە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىغىچە داۋاملىشىدىغان ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. قۇرئانى-كەرىم نازىل بولۇشقا باشلانغان بۇ كېچە قەدىر كېچىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ كېچىنى دۇئا ۋە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

«ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار).» (ئەئراف سۈرىسى، 204-ئايەت)


## كىتابىمىزنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار

قۇرئانى-كەرىم ئۇنى ئوقۇش ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان بىر كىتابتۇر.

قۇرئانى-كەرىم ھەق (ھەقىقەت) بىلەن باتىلنى، توغرا بىلەن خاتانى، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىپ بېرىدىغان فۇرقاندۇر.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارنىڭ يولىنى قىيامەتكە قەدەر يورۇتىدىغان نۇردۇر.

قۇرئانى-كەرىم بارلىق ئەخلاقى كېسەللەرنى داۋالايدىغان شىپالىق دورىدۇر.



توغرا 48 بەت بولۇپ، كىتابىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرىدۇر. ھالبۇكى، پەقەت بىر قۇر كېلىدىغان سۈرىلەرمۇ باردۇر. مەسىلەن: كەۋسەر سۈرىسى بىر قۇر كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئايەتلەر سۈرىلەرنى، سۈرىلەر بولسا قۇرئانى-كەرىمنى ھاسىل قىلغان.

## ھەممە ئىشنىڭ بېشى بىسمىللاھ

قۇرئانى-كەرىمدە پەقەت بىر سۈرىدىن باشقا بارلىق سۈرىلەر بىسمىللاھ بىلەن باشلانغان. ئۇنى ئوقۇشتا بىسمىللاھ دەپ باشلىغىنىمىزدەك، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر ئىشىنىمۇ بىسمىللاھ دەپ باشلايمىز. بىسمىللاھ «بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم»نىڭ قىسقا ئاتىلىشىدۇر. مەنىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەنلىكتۇر. بىر ئىشتا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ باشلىساق، ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئىشىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. تاماق يېگەندە، مەكتەپكە ماڭغاندا، ئۆگىنىش قىلغاندا، ياتقاندا ھەمىشە بىسمىللاھ دەيمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاغزىدىن بىسمىللاھ چۈشمەيدۇ. دۇكانچىلار دۇكىنىنى بىسمىللاھ دەپ ئاچىدۇ، يولۇچىلار سەپەرگە چىققاندا بىسمىللاھ دەپ يولغا چىقىدۇ. بىسمىللاھ بىزنىڭ كۈلتۈرىمىزنىڭ ئاساسلىق سىمۋوللىرىدىن بىرىسىدۇر.

## سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرى

قۇرئانى-كەرىمدىكى سۈرىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىر ئىسمى باردۇر. سۈرىلەرنىڭ ئىسمى بەزىدە ئىبراھىم، يۇسۇف ۋە مۇھەممەد دېگەندەك پەيغەمبەر ئىسمى؛ بەزىدە يۇلتۇز (نەجم)، ئاي (قەمەر) ۋە قۇياش (شەمس) قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرى؛ بەزىدە تاھا، ياسىن، قاف، ساد، ۋە نۇن دېگەندەك سۈرىنىڭ بېشىدىكى تۇنجى سۆز ياكى ھەرپلەر؛ بەزىدە ئىسرا، مۇجادىلە ۋە ھۇجۇرات كەبى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ۋەقەلەر؛ بەزىدە ئىنسان، ناس، نىسا ۋە مەريەم دېگەندەك بىۋاستە ئىنسان؛ بەزىدە جىن، مۇنافىقۇن كەبى گورۇھلار؛ بەزىدە قىيامە، نەبە ۋە تەكۋىر دېگەندەك ئاخىرەت ھاياتى ۋە بەزىدە ئۆمۈچۈك (ئەنكەبۇت)، ھەرە (نەھل) ۋە چۈمۈلە (نەمل) دېگەندەك ھايۋان ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بىر سۈرىنىڭ ئىسمى ئەنجۈر دەرىخى (تىن) دەپمۇ ئاتالغان.

# قۇرئانى ـ كەرىمدىن سۈرىلەر

بىسمىللاھ قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ ئاچقۇچىدۇر. فاتىھە سۈرىسى بولسا ئىشىكىدۇر. فاتىھە «ئاچىدىغان، ئاچقۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرە قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ ماھىيىتىدۇر. فاتىھەدە ماختاش ۋە مەدھىيىلىنىشكە لايىق يېگانە مەۋجۇداتنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى، يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ناماز ۋە دۇئالىرىمىزدا بىز ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغان سۈرە فاتىھەدۇر. دۇئا قىلىپ بولۇپمۇ فاتىھە ئوقۇيمىز. ۋاپات بولغان يېقىنلىرىمىزغا دۇئا قىلغاندىمۇ ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ فاتىھە ئوقۇيمىز.

قۇرئانى ـ كەرىمدە فاتىھەدىن كېيىن ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان سۈرە ئىخلاس سۈرىسىدۇر. ئىخلاس سەممىي بولۇش، دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ بۇ سۈرىدە ئۆزىنى ئەڭ مېغىزلىق ھالدا تونۇشتۇرغان. شۇڭا بۇ سۈرە تەۋھىد ئېتىقادىنىڭ ئۆزىدۇر.

بىز قۇرئانى ـ كەرىمدە ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغان سۈرىلەردىن بىرى ياسىن سۈرىسىدۇر. ياسىن دېگەن سۆزنىڭ «ئەي ئىنسان» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ سۈرە قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ

**«ئېيتقىنكى: ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجتۇر، ئاللاھ ھېچنىمىگە موھتاج ئەمەستۇر. ئاللاھ تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ئاللاھنىڭ بالىسى بولغانمۇ ئەمەس، ھېچكىم ئاللاھقا تەڭداش بولالمايدۇ.»**

(ئىخلاس سۈرىسى، 1 ـ 4 ـ ئايەت)



قەلبى ھېسابلىنىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغان سۈرىلەردىن بىرىدۇر. بولۇپمۇ جۈمە كېچىسى ۋە قەبرىي زىيارىتىدە بۇ سۈرە ئوقۇلىدۇ. بۇ سۈرىدە ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئاساسلىرى، ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر، ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشى قاتارلىق تېمىلار بايان قىلىنغان.

راھمان سۈرىسىمۇ بىز كۆپ ئوقۇيدىغان سۈرىلەردىن بىرىدۇر. بۇ سۈرە ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولغان راھمان ئىسمى بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم قويۇلغان. راھمان يارىتىلغۇچىلارغا مەرھەمەت قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈرىدە ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئاساسلىرى، ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بىلەن ئىنسانلارغا بېرىلگەن سان-ساناقسىز نېمەتلەر بايان قىلىنغان.

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).»
(فاتىھە سۈرىسى، 1-7-ئايەت)

## ھەر پارىدە بىر گۈل

گۈزەل كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىم ئايەت ۋە سۈرەلەر شەكلىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پارە شەكلىدىمۇ قىسىملارغا ئايرىلغان. بۇ خىل قىسىملارغا ئايرىلىشىنىڭ قۇرئانى-كەرىمنى ئوقىغان چېغىمىزدا ئاسان ئوقۇشىمىزغا پايدىسى بار. كىتابىمىزنىڭ بېشىدىن باشلاپ ھەر يىگىرمە بەت بىر پارە دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر پارىنىڭ بېشىدا بەتنىڭ بۇرجىكىدە بىزگە ساقلاپ تۇرغان بىر گۈل رەسىمى بار. بۇ گۈللەر پارە گۈلى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر كىشى بىر پارىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە يېڭى پارىدە ئالدى بىلەن بۇ گۈلنى كۆرىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدە مۇشۇنداق 30 پارە گۈلى باردۇر.

## سۆز ئۇچار، يازما قالار

پەيغەمبىرىمىز ئاللاھ ئۇنىڭغا پارچە-پارچە ۋەھيى قىلغان ئايەتلەرنى ئالدى بىلەن ساۋاتلىق مۇسۇلمانلارغا يازدۇراتتى. قۇرئانى-كەرىمنى خاتىرىلىگۈچى كىشىلەر ۋەھيى كاتىپلىرى دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى نازىل بولغان ھەر بىر ئايەتنى خاتىرىلەپ يېزىش ئىدى. پەيغەمبىرىمىزگە نازىل قىلىنغان ھەر بىر ئايەت بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن مۇكەممەل ھالدا خاتىرىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى ۋە سابىت ئوغلى زەيد قاتارلىق كۆپ ساھابىلەر بار ئىدى.



بۇلارنىڭ سايىسىدا قۇرئانى-كەرىم قىلچىلىك ئۆزگەرتىلمەي، ئۆز پېتى كۈنىمىزگە قەدەر كەلگەن.

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان. ئۇنىڭ زامانىدا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇرئانى-كەرىم كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ مەقسەتتە قۇرئاننى يادقا بىلىدىغان قارىيلارنىڭ گۇۋاھلىقىدا يېزىلغان بەتلەر جەملىنىپ «مۇسھاف» دەپ ئاتالغان. بۇ كىتاب ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ۋاپات بولغۇچە ئۇنىڭ يېنىدا قالغان. ھەزرىتى ئەبۇبەكرىدىن كېيىن ھەزرىتى ئۆمەر، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى بولغان قىزى ھەزرىتى ھەفسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئوسماننىڭ قولىغا ئۆتكەن.

ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ناھايىتى كېڭىيىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ۋە زېمىنى كۆپەيگەن ئىدى. ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھەر تەرىپىگە بېرىدىن قۇرئانى-كەرىم ئەۋەتىش ئېھتىياجى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇ ئېھتىياجنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئانا كىتاب دەپ قوبۇل قىلىنغان بۇ مۇسھاف كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىپ كۆپەيتىلگەن ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ يەتتە چوڭ شەھرىگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۈگۈن ئۆيىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قۇرئانى-كەرىم ئەنە شۇ مۇسھافنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدۇر.

## قۇرئان بۇلبۇللىرى: قارىيلار (ھافىزلار)

قۇرئانى-كەرىمنى باشتىن-ئاخىرغىچە يادلاپ بولغان كىشى قارىي (ھافىز) دەپ ئاتىلىدۇ. قارىي بولۇش بەك شەرەپلىك بىر ئىشتۇر. قارىيلار قۇرئانى-كەرىمنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە زېھنىدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ماڭىدىغان قۇرئان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرىمىز ماڭىدىغان قۇرئان دېيىشنىڭ ئورنىغا ياشايدىغان قۇرئان دەپمۇ ئاتايمىز. ئەسلىدە ئۇلارنى جانلىق قۇرئان دېيسەكمۇ بولىدۇ.

كۈنىمىزدە تۈركىيەدە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ھەر مەھەللىدە قۇرئانى-كەرىمنى يادقا بىلىدىغان بىر قارىي بار. قارىي يوق بولغان تەقدىردىمۇ ئاشىر (قۇرئانى-كەرىمدىن ئون ئايەت) ئوقۇشنى بىلىدىغان كىشى ئەلۋەتتە بار. ئاشىر ئوقۇش دېگەنلىك قۇرئانى-كەرىمدىن خالىغان بىرەر پارە ياكى سۈرىنى قىرائەت قىلىپ يادقا ئوقۇش دېگەنلىكتۇر. چوڭلاردىن بىرىنىڭ: «كەل، بىر ئاشىر

ئوقۇ!» دېگىنى قۇرئانى كەرىمدىن بىرەر پارە ياكى سۈرىنى يادقا ئوقۇ دېگىنى بولىدۇ. شۇڭا قۇرئاندىن يادلىغان ھەر پارچە ئاشىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## خەتمە: قۇرئاننى باشتىن-ئاخىرغىچە ئوقۇش

خەتمە (خەتىم) قۇرئانى-كەرىمنى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇش دېيىلىدۇ. ھەر يىلى پەيغەمبىرىمىز رامىزان كېچىلىرى ئۇ كۈنگە قەدەر نازىل بولغان ئايەتلەرنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بېرەتتى، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭغا ئوقۇيتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە ئۆزئارا بىر-بىرىگە قۇرئان ئوقۇيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئوقۇسا پەرىشتە ئاڭلايتتى، پەرىشتە ئوقۇسا پەيغەمبىرىمىز ئاڭلايتتى. مۇشۇ ئۇسۇلدا ئۆزئارا ئوقۇش مۇقابىلە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئوقۇش ئۇسۇلى مۇقابىلە ئەنئەنىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەمدە مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئانى-كەرىمنىڭ كۆڭلىمىزگىچە قىلچىلىك ئۆزگەرتىشكە دۇچ كەلمەي، ئۆز پېتى ساقلىنىپ كېلىشىدە مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر روزا تۇتىدىغان رامىزان ئېيىدا خەتمە قۇرئان قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ سەۋەبى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. رامىزاندا بۇ گۈزەل خاتىرىنى ئەسلەش ئۈچۈن روزا تۇتقاچ قۇرئانى-كەرىمنى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇپ خەتمە قىلىمىز.

## ھۆسنىخەت ئىستانبۇل خەتتات ئىستانبۇل

قۇرئانى-كەرىمنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن بىر گۈزەل سەنئەت بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىسمى ھۆسنىخەت سەنئىتىدۇر. ھۆسنىخەت يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى خەتتات دەپ ئاتىلىدۇ.

ھۆسنىخەت ئۈچۈن ئالاھىدە ماتېرىيال، قەلەم ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر، خەت نۇسخىلىرى باردۇر. ياخشى بىر خەتتات بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن، بۇ سەنئەتنى بىلىدىغان بىرەر ئۇستىدىن دەرس ئېلىپ ئۆگىنىش كېرەك. ئىنسان گۈزەل ھۆسنىخەتلەپ يېزىلغان قۇرئانى-كەرىمگە قاراپ قاراپ تويماس. بۇنداق يېزىلغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ بەتلىرى رەڭگارەڭ ۋە خەتلىرى بەك چىرايلىقتۇر.

**پەيغەمبىرىمىز:**
**«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر.» دېگەن.**
(بۇخارى: «قۇرئاننىڭ پەزىلەتلىرى»، 21)

كۆلتۈرىمىزدە پەقەت قۇرئانى-كەرىملا ئەمەس، بەلكى يەنە سەنئەت قىممىتى بار بولغان ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىمۇ بار. بۇ ئەسەرلەردە كۆپىنچە ھاللاردا ئاللاھ، مۇھەممەد دېگەندەك ئىسىملار ھۆسنىخەتلەپ يېزىلغان. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى ۋە جامىلەرنىڭ تاملىرى بۇ گۈزەل ھۆسنىخەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. دۇنيادا ھۆسنىخەت سەنئىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز يازغان. شۇڭا پۈتۈن دۇنيادا «قۇرئانى-كەرىم مەككىدە نازىل بولدى، مىسىردا ئوقۇلدى، ئىستانبۇلدا يېزىلدى» دەيدىغان سۆز مەشھۇردۇر. نۇرغۇن خەتتاتلار يازغان قۇرئانى-كەرىم باردۇر. بۈگۈن بىزنىڭ قولىمىزدىكى قۇرئانى-كەرىم ھافىز ئوسمان خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلغان.

## قۇرئانى-كەرىمنى چىرايلىق ئوقۇش

قۇرئانى-كەرىم كىتابلارنىڭ ئەڭ گۈزىلىدۇر. ئۇنىڭدىنمۇ بەك گۈزەل باشقا كىتاب يوقتۇر. سۆزلەرنىڭمۇ ئەڭ چىرايلىقىدۇر. ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك گۈزەل باشقا سۆز يوقتۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئۇنى قولىمىزدىن كېلىشىچە چىرايلىق ئوقۇشقا تىرىشىمىز. بۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلىمىز.

ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا قۇرئانى-كەرىمدە ھەرپلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىگە قويۇلىدىغان بەلگىلەر (زىر-زەۋەرلەر) يوق ئىدى. دىنىمىز دۇنياغا تارقىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسىرى، يېڭى مۇسۇلمان بولغان قېرىنداشلىرىمىز قۇرئانى-كەرىمنى ئوقۇشنى ئۆگەنگەندە بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئانى-كەرىمگە زىر-زەۋەر قاتارلىق بەلگىلەر قويۇلدى. بۇ بەلگىلەر ئوقۇشنىڭ ئاسان بولۇشىغا پايدىلىق بولدى.

قۇرئانى-كەرىمنى چىرايلىق ئوقۇشمۇ بىر سەنئەتتۇر. ئاۋازى يېقىملىق بىر كىشى ئوقىغان قۇرئانى-كەرىم ئاڭلىغۇچى ھەر كىشىگە تەسىر قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەممىمىز بۇنداق چىرايلىق ئوقۇيالمايمىز. بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش قولىمىزدىن كېلىشىچە توغرا ۋە چىرايلىق ئوقۇشقا تىرىشىشتۇر.

قۇرئانى-كەرىمنى ئوقۇشقا باشلاشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئالىمىز. ئاندىن «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم، بىسمىللاھىرراھمانىرراھىيم» دەيمىز. قۇرئانى-كەرىمنى تەئدىل-ئەركان بىلەن توغرا، چىرايلىق ئوقۇغانسىرى گۈزەللىشىمىز. گۈزەللىكىمىزگە گۈزەللىك قوشۇلىدۇ.

**پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:** «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.» (بۇخارى: «ئىمان»، 2)

## تەسىرلىك كىتاب

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەر كېچە مەككىدىكى ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا يېقىملىق ئاۋازدا قۇرئان ئوقۇيتتى. قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارغا شۇ قەدەر كۈچلۈك تەسىر قىلاتتىكى، ئىشەنمەيدىغان مەككىلىك مۇشرىكلارمۇ كېچىسى مەخپىي ھالدا قۇرئان تىڭشىغىلى كېلەتتى. يەنە بىر كېچە مەككىنىڭ چوڭلىرىدىن ئۈچ كىشى مەخپىي ھالدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوقۇشىنى تىڭشىغىلى كەلدى. كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىغان چاغدا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قۇرئان تىڭشىغىلى كەلگەنلىكىنى دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. لېكىن ھەقىقى ئەھۋالنى ھەممىسى بىلىپ قالغان ئىدى. ھەم قۇرئاننى ئىنكار قىلىش، ھەمدە ئوغرىلىقچە ئۇنى تىڭشىغىلى كېلىش قاملاشمىغان بىر ئىش ئىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى باشقىلار ئاڭلاپ قالسا، ئۇلارغا بۇنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟! باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن، بۇندىن كېيىن قۇرئان تىڭشىغىلى قەتئىي كېلىپ قالمايلى دەپ ئۆزئارا ۋەدىلەشتى. لېكىن ئەتىسى يەنە تاقەت قىلالماي قۇرئان تىڭشىغىلى ئوغرىلىقچە كېلىشتى. قۇرئانى-كەرىم ئىنكار قىلغۇچىلارغىمۇ مۇشۇنداق كۈچلۈك تەسىر قىلاتتى.

«قۇرئان ئوقۇيدىغان چاغدا قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن.»
(نەھل سۈرىسى، 98-ئايەت)

## قۇرئانى-كەرىم توغرا سۆزلەيدۇ

قۇرئانى-كەرىم ھەممە كىشى چۈشىنەلەيدىغان بىر كىتاب. ئوقۇلۇشى ئاسان، ئوقۇلۇشىنى ئۆگىنىشىمۇ ئاسان ۋە چۈشىنىشىمۇ ئاسان. كىتابىمىز بىزگە ئېھتىياجىمىز بولغىنىنى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىدۇ. قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئۇنى ئوقۇش ۋە يادلاشنىڭ بەك ئاسان ئىكەنلىكىدۇر. دۇنيادا بۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىككىنچى بىر كىتاب يوق.

قۇرئانى-كەرىم بەزىدە بىزگە بىلدۈرمەكچى بولغىنىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بەزى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇلار قىسسەدىن ھىسسە ئېلىش (ئىبرەت ئېلىش) مىسالى بىزگە نەسىھەت قىلىدىغان، ساۋاق بېرىدىغان ھېكايىلەردۇر.

بەزى چاغلاردا بەزىبىر ئايەتلەرنى چۈشىنىشتە قىينىلىمىز. ئادەتتە بۇنداق ئايەتلەردە نۇرغۇن ئەدەبىي سەنئەت مېتودى قوللىنىلغان بولىدۇ. بۇ سەنئەتنى بىلمىگەنلەرگە بەزى ئايەتلەر بىر ئاز چۈشىنىكسىز كېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا تەپسىر كىتابلىرىغا قارايمىز. تەپسىر كىتابلىرى بىزگە قۇرئانى-كەرىمنى ئىزاھلايدىغان، چۈشەندۈرىدىغان كىتابلاردۇر. يەنە تەرجىمىسى (مەئالى) بار بولۇپ،

بۇ قۇرئانى-كەرىمنىڭ خالىغان بىر تىلدىكى تەرجىمىسىدۇر. مەسىلەن: قۇرئانى-كەرىمنىڭ تىلىمىزدىكى تەرجىمىسىنى قۇرئانى-كەرىمنىڭ تۈركچە مەئالى (تەرجىمىسى) دەپ ئاتايمىز. تەپسىر ئادەتتە ئايەتلەرنىڭ تەپسىلىي ھالدا چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر.

بىر ئايەتنىڭ بىزگە نېمە دېگەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ بىلىشنى ئارزۇ قىلغان چېغىمىزدا تەپسىر كىتابلىرىنى ئوقۇساق بولىدۇ. پەقەتلا بىزنىڭ تىلىمىزدىكى مەنىسىنى بىلمەكچى بولساق، تەرجىمىسىگە قارايمىز. مەسىلەن: ھەر كۈنى ناماز ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئوقۇيدىغان فاتىھە سۈرىسىدىكى «ئەلھەمدۇلىللاھى رابىبىل ئالەمىين» جۈملىسىنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن دەرھال بىر تەرجىمىگە قارايمىز-دە، بۇنىڭ «جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن بۇ ئايەتنىڭ تېخىمۇ تەپسىلىي مەزمۇنىنى بىلمەكچى بولساق، بىرەر تەپسىر كىتابىنى تېپىپ ئەكىلىپ ئوقۇيمىز. چۈنكى ئۇنىڭدا تېخىمۇ تەپسىلىي، چۈشىنىشلىك ئىزاھاتلار بار.

## ئۇ ئىنسانلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان كىتابتۇر

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ گۈزەل بولغانغا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالغانلار ناھەقچىلىق، ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم، ئىنساننىڭ شان-شەرىپىگە لايىق كەلمەيدىغان كۆز قاراش ۋە سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىدىن ئىسلامنىڭ چەكسىز يورۇقلۇقىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىنسانلار ئاجىز يېتىملارنىڭ، ئىگە چاقىسىزلارنىڭ ھىمايىچىسى بولىدۇ. شەخسىيەتچى، بېخىل، پىخسىقلار ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ناچار ئادەتلىرىدىن قۇتۇلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلار خولۇم-خوشنا ھەققىگە دىققەت قىلىدۇ، ھالال كىرىم قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ھارامغا، يالغانغا يېقىن كەلمەيدۇ. قۇرئاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يالغانچىلىقنىڭ ئورنىغا راستچىللىق، توغرا دۇرۇستلۇق؛ ئىككى يۈزلىمىچىلىكنىڭ ئورنىغا سەمىمىيەت؛ تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئورنىغا كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق؛ شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئورنىغا پىداكارلىق كېلىدۇ.

ئىلگىرى خارلانغان ئاياللار قۇرئان بىلەن ئۆزى لايىق بولغان ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشتى. ئىنسانلار قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنتنىڭ ئاللاھ بەرگەن بىر ھەدىيە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. مېيىپ

مەجروھلارغا مەرھەمەت، شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى، ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىقنى قۇرئاندىن ئۆگەندى. ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر ئەيىپ بولغان قۇللارغا ئۈنىڭدىن ئۈمىد نۇرى ۋە ئازاتلىق يولى ئېچىلدى.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە پارلاق قۇياشقا ئوخشاش تۇغدى. ئۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئورنىغا يورۇقلۇق، زۇلمەتنىڭ ئورنىغا نۇر كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ھەق ھوقۇق، ئىشەنچ، ھۇزۇر، تىنچلىق ۋە بەخت-سائادەت كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەخلاقلىق، ئېسىل كىشىلەر كۆپەيدى.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارغا يامان، ناچار، قەبىھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشنى ئۆگەتتى.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارغا مەرتلىكنى، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۆگەتتى.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارغا دوستلۇقنى، قېرىنداشلىقنى ئۆگەتتى.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارغا تىنچلىق ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئۆگەتتى.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارغا مەدەنىيەتنى ئۆگەتتى.



# ئوقۇيلى...

## چۈمۈلە ئىسمى ئۇچۇن نازىل بولغان سۈرىنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ

سىلەرگە مەلۇم، ئۇلۇغ ئاللاھ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. بۇلار قۇرئانى-كەرىمدە ھەممىسى جەملىنىپ خاتىرلەنگەن. نەمل سۈرىسىدە بىز چۈمۈلىلەرنىڭ ئەجداتلىرى بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە بايان قىلىنغان.

ئۆزەمنى سىلەرگە تونۇشتۇراي: مەن كىچىككىنە بىر چۈمۈلىمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئانى-كەرىمدە مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىش بىلەن ماڭا زور شان-شەرەپ، قەدىر-قىممەت ئىنئام قىلدى. بۇ تۈپەيلى قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. ئۇندىن باشقا ئۆلتۈرۈلۈشى چەكلەنگەن ھايۋانلاردىن بىرسى بىز. بالىلىرىمىزنىڭ يېنىدا ئوت قالاشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان.

ئەگەر خالىساڭلار، ئاۋۋال قۇرئانى-كەرىمدىكى 27-سۈرە چۈمۈلە (نەمل) سۈرىسىنى بىرلىكتە ئوقۇيلى. بۇ سۈرە جەمئىي 99 ئايەتتۇر. ئاساسلىقى مۇنۇ مەزمۇنلار بايان قىلىنغان: ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى؛ ۋەھيىگە ئىمان ئېيتىش؛ غەيب (بىز كۆرەلمەيدىغان، بىلەلمەيدىغان شەيئىلەر)نىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا بىلىنىدىغانلىقى؛ ھەر تۈرلۈك رىزىقنى، نېمەتنى بەرگۈچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى ۋە بۇلار ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشىمىز (تەشەككۈر ئېيتىشىمىز) كېرەكلىكى؛ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن بىلقىس ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر؛ مۇسا ئەلەيھىسسالام، سالىھ ئەلەيھىسسالام ۋە لوت ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىسمىمنى قويغان نەمل سۈرىسىدە بايان قىلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىبرەتلىك ھېكايىلەر، ھەر تۈرلۈك نېمەت ۋە گۈزەللىكلەر ئالدىدا يەنىلا ئىمان ئېيتمايدۇ. بۇلارنى ئويلىغانسىرى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىمەن، تەشەككۈر ئېيتىمەن.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى سىلەرگە چۈمۈلىلەرنى بىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. ئوقۇپ چوقۇم ھەيران قالىسىلەرغۇ دەيمەن:

بىز چۈمۈلىلەر چىشى پادىشاھ چۈمۈلە، ئەركەك چۈمۈلە ۋە ئىشچى چۈمۈلىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىمىز. ھەر بىرىمىز ۋەزىپىمىزنى

بىلگەن ھالدا دۇنياغا كېلىمىز. سىلەرگە ئوخشاش مەكتەپكە، مائارىپقا، ئىمتىھانلارغا، دىپلوملارغا ئېھتىياجىمىز يوق. چۈنكى بۇنى بىزگە بىۋاستە ئاللاھ ئۆگەتكەن.

بويىمىز كىچىك ۋە ئۇرۇق بولساقمۇ، ئۇلۇغ ئاللاھ بىزلەرگە رەت-تەرتىپلىك بولۇش، ئىنچىكە ھېساۋاتلارنى ھېسابلاش، ئىش تەقسىماتىغا رىئايە قىلىش ۋە ئىشچانلىق قاتارلىق نۇرغۇن ياخشى ئالاھىدىلىكلەرنى بەرگەن. ياشاش شارائىتىمىز ئىنتايىن مۇشكۇلدۇر. بىر تال بوغدايىنى ئۇۋىمىزغا توشۇپ ئەكىرىش ئۈچۈن بىر قانچە سائەت ۋاقتىمىز كېتىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئاللاھ بىزنىڭ سانىمىز يۈز مىڭ ئەتراپىدا بىر تۈركۈم، جامائەت بولۇپ ياشىشىمىزنى بۇيرىغان. بىزلەرگىمۇ باشقا بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش ئۆزگىچە گۈزەللىك ۋە قابىلىيەت بېرىپ، بىزنى بىر ئىچىدە ياشاۋاتقان شارائىتقا ماسلىشىدىغان ئىقتىداردا ياراتقان.

بىز چۈمۈلىلەر ئۇۋىمىزنى يەرنىڭ ئاستىدا ياسايمىز ۋە ئۇنى نۇرغۇن يول بىلەن بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىمىز. چۈنكى بىزگە تەھدىت سالىدىغان يۈزلەرچە خېيىم-خەتەر بار. بۇلار بەزىدە ئىنسانلار، بەزىدە يامغۇردۇر. سۇ ئۆزۈشنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن سۇدا بىر دەمدىلا ئۆلۈپ قالىمىز. بەزى ئىنسانلار باركى، بەزىدە بىلمەي، بەزىدە قەستەن بىزنى يەنچىپ تاشلايدۇ. مۇمكىن بولسا، بىر ئاز دىققەت قىلىپ، ئۆستىمىزگە دەسسىمىگەن بولسا، بېشىمىزغا بۇنداق پاجىئەلەر كەلمىگەن بولاتتى. سىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن.

ئەمدى ھېكايىگە كېلەيلى: ئۇلۇغ ئاللاھ نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە بەرگەن ئىدى. شامال ئۇنى خالىغان يېرىگە ئاپىراتتى. قۇشلار ئۇنىڭغا ئۇچۇر، خەۋەر يەتكۈزەتتى. تاغلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە زىكىر قىلاتتى. نۇرغۇن مەۋجۇدات ئۇنىڭغا خىزمەت قىلاتتى. ئاللاھ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بىلەن بىرگە چوڭقۇر بىلىم، ھۆكۈمدارلىق، خەزىنىلەر، قۇشلار ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىش قابىلىيىتى بەرگەن ئىدى. مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان تورۇغلۇق قىلچىلىك چوڭچىلىق، مەغرۇرلۇق قىلمايتتى. چۈنكى ئۇ بۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئىكرامى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ھەتتا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەرگە دەسسەپ سېلىشتىنمۇ ئىنتايىن قورقىدىغان دەرىجىدە مەرھەمەتلىك، رەھىمدىل، مۇھەببەتلىك بىر يۈرىكى بار ئىدى.




**«ئۇلار چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: «ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن». سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «رەببىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن.»** (نەمل سۈرىسى، 18 ـ 19 ـ ئايەتلەر)



سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن رەببىگە دۇئا قىلدى. رەببىدىن ئۇنىڭ رىزاسىغا ئېرىشتۈرىدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتى ۋە كۈچى بېرىشىنى، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى جەننەتتە ياخشى بەندىلەر ئارىسىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

بۇ سۈرە بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، يەر يۈزىدىكى جىمى جانلىقلار ئاللاھقا ئىتائەت قىلماقتا. شۇڭا ئىنسانلار يەر يۈزىنىڭ پەقەتلا ئۆزىگە ئائىت ئەمەسلىكىنى، ھەرقانداق جانلىققا زىيان سېلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشى كېرەك. پۈتكۈل جانلىقلار: چۈمۈلە، ھەرە، قۇش، ئۆمۈچۈك قاتارلىقلارنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەر شارىدىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە پايدىلىنىش مەجبۇرىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك.



ئۈچىنچى باپ

# قۇرئانى-كەرىمدە نېمىلەر بار؟

## قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرى

قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئاللاھ ۋە ئىنساندۇر. ئۇ بىزگە ئاللاھنى، ئىنساننى، مەۋجۇداتلارنى ۋە دىنىي ۋەزىپىلىرىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ، ئۆزىمىز، ئاتا-ئانىمىز، ئائىلىمىز، بارلىق ئىنسانلار، باشقا جانلىقلار ۋە ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىز ھەققىدە رەھبەرلىك قىلىپ، يول كۆرسىتىدۇ. قۇرئانى-كەرىم ھەر قانداق ئىشتا ئىنساننى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمدە ئىمان ئاساسلىرى، ئىبادەتلەر ۋە ئەخلاقىي ئاساسلار بىلەن بىرلىكتە ئىنسان ۋە جەمئىيەت ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك يېمەك-ئىچمەك، ئۆيلىنىش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت كۆپ مەزمۇندا ئايەتلەر بار. ئۇنىدىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى (ھېكايىلىرى) ۋە ئۆتمۈشتىكى قەۋملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بەزى ۋەقەلەر بايان قىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ بۇلاردىن ساۋاق، ئىبرەت ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان.

«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن خوشنىغا، يىراق خوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قول-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.» (نىسا سۈرىسى، 36-ئايەت)

# قۇرئانى-كەرىم بىزگە ئىمان ئاساسلىرىنى ئۆگىتىدۇ

قۇرئانى-كەرىم ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنسانلارنى ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىدۇ. بۇ نوقتىدا نېمىلەرگە ئىمان ئېيتىشىمىز كېرەكلىكىنى بىزگە ئۆگىتىدۇ. قۇرئانى-كەرىم چاقىرغان ئىمان ئاساسلىرىنىڭ بىرىنچىسى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ھەر ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش كېلىدۇ. بۇلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا باغلىقتۇر. ئاللاھقا، ئۇ بىلدۈرگەن ئىمان ئاساسلىرىغا چىن دىلىمىزدىن ئىمان ئېيتىمىز.

قۇرئانى-كەرىم ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ نېمىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىدىن خوشخەۋەر بېرىدۇ. ئىمان ئېيتمىغانلار دۇچ كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلەردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

قۇرئانى-كەرىمدە ھەممىدىن بەك تەۋھىد ئېتىقادىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. تەۋھىد ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھنى بىلىپ يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق كۈچنى تەڭرى قىلىۋالماسلىقتۇر. تەۋھىد ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلغانلار ئەسلا بۇتلارغا چوقۇنمايدۇ ۋە ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلمايدۇ. دېمىسىمۇ جانسىز تاش پارچىلىرىغا چوقۇنۇش، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش ئەقىللىق بىر ئىنسانغا ياراشمايدۇ. لېكىن بىلىمسىز ۋە نادان كىشىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ. ئىنسان ئاللاھنى ھەقىقىي بىلسە، ئۇنىڭ بىزدىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلالايدۇ.

ئۇلۇغ كىتابىمىز تەۋھىد ئېتىقادىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەۋھىدنى قۇرئانى-كەرىمنىڭ قەلبى دېيەلەيمىز. بىر كىشى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى زېدىلەيدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلسا، ئېتىقادى بۇ سەۋەپتىن كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ. يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان ئادەم ئۆلگىنىدەك، ئاجىزلىغان ئىمانىمۇ پەيدىنپەي يوق بولىدۇ.

ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئىمانىمىز بىزدىن تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى سۆز-ھەرىكەت ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمىزدا ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، ھارامدىن، ناچار ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنى ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلارنى، يەنى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش

«ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلمىسۇن. مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلىنغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر-بىرىڭلارنى ئەيىپلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار. ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق دەپ ئاتاش) نېمىدېگەن يامان! بۇنداق ئىشلاردىن تۆۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر.» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 11-ئايەت)

ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويالايمىز. بىز قىلغان ھەر قانداق ياخشى ئىش ھەممىسى سالىھ ئەمەلدۇر.

كىشى ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ياخشىلىققا ۋە گۈزەللىكلەرگە بۇرۇلىدۇ. ناچار، قەبىھ ئىشلاردىن ئۇزاق قالىدۇ. بۇ ئىماننىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئىمان ئېيتقان كىشى قۇرئانى-كەرىم كۆرسەتكەن ئۆلچەملەر بويىچە ياشاشقا تىرىشىدۇ. بۇ تەبىئىي ھالدا كىشىنى سەزگۈر، ئەقىللىق بىر مۇسۇلمان بولۇشقا، ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدىغان ياخشى ئادەم بولۇشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ناچار ئىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرەتتە بۇ دۇنيادا قىلغان ئەتكەنلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھ كۆرسەتكەن شەكىلدە ياشىغانلارغا ئاخىرەتتىكى چەكسىز بەخت-سائادەتنىڭ خۇشخەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاقىتلىق بىر ھايات ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ چەكسىز داۋاملىشىدىغانلىقىنى قۇرئانى-كەرىمدىن بىلىمىز. ھەر ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى چوقۇم كۆرىدۇ. شۇڭا قۇرئانى-كەرىم بىزلەرگە ئاخىرەت ھاياتىنى ھېچبىر ۋاقىت ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى دائىم جېكىلەپ تۇرىدۇ.

## قۇرئانى-كەرىم بىزگە ئىبادەتلىرىمىزنى ئۆگىتىدۇ

قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىز بۇيرۇلغان ۋە ئىبادەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن قۇرئانى-كەرىمنى قانداق ئوقۇپ چۈشىنىشىمىزنى ۋە ئىبادەتلىرىمىزنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقىمىزنى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆگىنىمىز. ئۇ مۇسۇلمانلارغا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىبادەتلەرنى ئۆزى ئادا قىلىپ ئۆلگە كۆرسەتكەن. پەيغەمبىرىمىزدىن پەقەتلا ئىبادەتلەرنى قانداق ئادا قىلىشنى ئەمەس، بەلكى دىنىمىزنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە سۆز-ھەرىكىتى بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكتۇر. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «مەن نامازنى قانداق ئوقۇسام، سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار»، «ھەجدىكى ئىبادەتلەرنى مېنىڭ قىلغىنىمدەك قىلىڭلار» دېگەن.

ناماز كۈندىلىك ئىبادىتىمىزدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھقا دائىم ئىتائەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ھەممە جەھەتتىن بىر پاكىزلىقتۇر.

«ئى مۆمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار. كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەرگە)، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ...»
(نۇر سۈرىسى، 21-ئايەت)

نامازدىن ئىلگىرى ئالغان تاھارەت بىلەن بەدىنىمىز پاكىزلىنىدۇ. ھەر كۈنى بەش قېتىم يۈزىنى مۇقەددەس كەبىگە قارىتىپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى ئۇنى يامان، قەبىھ ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ.

روزا يىلدا بىر قېتىم رامىزان ئېيىدا تۇتۇلىدۇ. روزىنىڭمۇ جىسمانىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كۆپ پايدىسى بار.

مال بىلەن قىلىنىدىغان بىر ئىبادەت بولغان زاكات باي مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. باي مۇسۇلمانلار ھەر يىلى ماللىرىنىڭ مۇئەييەن بىر مىقدارىنى كەمبەغەللەرگە بېرىدۇ. بۇ ئىبادەت ئىنسانلاردا ئۆزئارا ياردەملىشىش ئاڭلىقلىقىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ.

ھەجمۇ كۈچى يەتكەن مۇسۇلمانلار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىبادەتتۇر. كۈچى يەتكەنلەر ئۆمرىدە بىر قېتىم سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەككە شەھىرىدىكى كەبىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇقەددەس يەرلەرنى قائىدىگە ئۇيغۇن ھالدا زىيارەت قىلىشى كېرەك. يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار تىلى، رەڭگى پەرقلىق بولسىمۇ، ھەممىسى بىرلىكتە رەبىگە يۈنۈلۈپ ئىبادەت قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا پىتىر سەدىقىسى، قۇربانلىق قىلىش قاتارلىق باشقا بەزى ئىبادەتلەرمۇ بار.

قىلغان ھەر ئىشىمىزنى ئەستايىدىل، ياخشى قىلىشىمىز، ئوبدان ئويلىشىمىز، ياخشى مۇئامىلە بىلەن قىلىشىمىز، ياردەمگە

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن)، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.»

(نەھل سۈرىسى، 90 ـ ئايەت)



موھتاج بولغانلارغا ياردەم قىلىشىمىزنىڭ ئۆزىمۇ بىرەر ئىبادەتتۇر. قۇرۇش ئالدىدىكى بىر گۈلگە سۇ قويۇشمۇ بىر ئىبادەتتۇر. ئاچ مۈشۈككە نان بېرىش، قانىتى سۇنۇق قۇشقاچنىڭ يارىسىنى تېڭىپ قويۇشمۇ ئىبادەتتۇر. چۈنكى بۇ جانلىقلارنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۇلاردىن بىر نەرسە تاما قىلمايمىز. پۈتكۈل جانلىقلارنى ئاللاھ ياراتقان. بىز يارىتىلغۇچىلارنى ياراتقۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمىز.

ئىبادەتلىرىمىز بىزنى ياراتقۇچىمىز ۋە رەببىمىز ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئىنسان بەدىنى ۋە روھى بار بىر مەخلۇقتۇر. ياشاش ئۈچۈن بەدىنىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەككە، ئۇخلاشقا ئېھتىياجى بار بولغىنىدەك، روھىمىزنىڭمۇ بەزىبىر ئېھتىياجلىرى باردۇر. بىز بۇ روھىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىمىز. قىلغان ئىبادەتلىرىمىز بىلەن ھەم ئاللاھ بۇيرىغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىمىز ھەمدە روھىمىزنى ئۇزۇقلاندۇرىمىز. ئىبادەت ئىمانىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ، روھىمىزنى يۈكسەلدۈرىدۇ، قەلبىمىزگە ئاللاھ سۆيگۈسىنى يەرلەشتۈرىدۇ.

«رەببىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن.» (ئىبراھىم سۈرىسى، 41-ئايەت)

## قۇرئانى-كەرىم بىزگە دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىدۇ

قۇرئانى-كەرىمدە گۈزەل دۇئالار بار. رەببىمىز قۇرئانى كەرىمدە بىزنىڭ ئۇنىڭغا قانداق دۇئا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. كىتابىمىزدا مۇشۇ خىل دۇئالاردىن نۇرغۇنى بار. بىزنى ياراتقان رەببىمىزگە بىزگە بەرگەن سان-ساناقسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن دۇئالاردا تەشەككۈر ئېيتىمىز. بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چېغىمىزدا، دەرت-ئەلەمگە، غەم-قايغۇغا پاتقان چېغىمىزدا قولىمىزنى ئېچىپ رەببىمىزگە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز. ئۇلۇغ رەببىمىز بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلايدۇ ۋە چىن كۆڭلىمىزدىن قىلغان دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ.

دۇئا ئىبادەتنىڭ ئۆزىدۇر. ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدا دۇئا ۋاستىسى بىلەن ئۈزۈلمەس رىشتە پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى مەخپى سىرلىرىمىزنى بىلگىنىدەك، ئەڭ بىچارە، ئەڭ موھتاج بولغان چاغلىرىمىزدىمۇ بىزنى كۆرۈپ، ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلىش ئارقىلىق بىزگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىشىنى خالىمايدۇ.

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز چىن قەلبىمىزدىن رەببىمىزگە بۇرۇلۇشىمىز ۋە چىن دىلىمىز بىلەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىمىزدۇر. مەخپى ئاشكارا

ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرغۇچى رەببىمىز ئىنسانلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، قەلبىدىكى نىيىتىگە قارايدۇ.

«بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق...»
(ئەھقاف سۈرىسى، 15 ـ ئايەت)

## قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆگىتىدۇ

قۇرئانى ـ كەرىم گۈزەل ئەخلاق ئاساسلىرىنى ئىنىق چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭغا رىئايە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇش ـ بولماسلىقى بۇ ئاساسلارغا قانچىلىك رىئايە قىلىشىغا باغلىقتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانغا، خولۇم ـ خوشنىغا، پېقىر ـ يوقسۇلغا، يولدا قالغان مۇساپىرغا ياردەم قىلىش؛ ئىسراپچىلىق قىلماسلىق؛ ۋەدىسىدە تۇرۇش؛ ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق؛ قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ئۇزاق تۇرۇش؛ يېتىمنىڭ مېلىغا كۆز سالماسلىق؛ ھېچكىمنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا زىيان سالماسلىق؛ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت، قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك، راستچىللىق، دۇرۇستلۇق، ھەققەت ۋە ئادالەت تەرەپتە چىڭ تۇرۇش؛ ياردەمپەرۋەرلىك، ھەمكارلىق، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق؛ ئىشنى ئىخلاس بىلەن ياخشى قىلىش؛ ئىشچانلىق، مەرتلىك... قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق ئاساسلىرى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بېكىتكەن ئۆلچەملەرگە خىلاپلىق قىلىپ سېلىشتىن ئۇزاق تۇرۇش، ھەمىشە ياخشى ئىش قىلىش، ئىپپەتلىك، ھايالىق ئىنسان بولۇش، سۆزىگە ئەمەل قىلىش قاتارلىقلار بولسا، قۇرئانى ـ كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن گۈزەل ئەخلاق ئاساسلىرىدىندۇر.

قۇرئانى ـ كەرىم ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا بۇيرىغان پرىنسىپلاردىن بىرى ئادالەتتۇر. ئادالەت ھەممە كىشىنىڭ ھەققىنى قوغداش، ناھەقچىلىق قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر. رەببىمىز بىزنىڭ دىن، تىل، ئىرق ۋە مىللەت دەپ ئايرىمچىلىق قىلماي، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ. مۇسۇلمانلار تارىخ بويىچە بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سېلىپ، غەيرى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغانلار، باشقا مىللەتلەر بىلەن بىر يەردە تىنچلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن. ئوسمانلىلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان يەھۇدى ۋە خرىستىئانلارغا ھېچقاچان تىلىنى ئۆزگەرتىسەن دەپ بېسىم سېلىپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ ئەركىن ھالدا ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويغان.

كىشىنىڭ روھ گۈزەللىكى ئەخلاق گۈزەللىكى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئەخلاقى گۈزەل بولغان كىشىنىڭ ئىچىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

ئەڭ ياخشى ئىنسان ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ۋە ئەخلاقى گۈزەل بولغان ئىنساندۇر.

قۇرئانى ـ كەرىم يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، ناچار گەپ ـ سۆز قاتارلىق چىركىن خۇيلاردىن يىراق تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

قۇرئانى ـ كەرىم ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ئىچىدە بەختلىك، راھەت ياشىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئەخلاق ئاساسلىرىنى بىزگە مۇشۇنداق بىلدۈرگەن. ئىنساننىڭ ئۆزىدىن باشلاپ، ياراتقۇچىسىغىچە قەدەر بولغان مەسئۇلىيەت ساھەسى بار. ئىنسان ئۆزىنىڭ رەببى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق ئادا قىلىدۇ.

## قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە ھالال بىلەن ھارامنى، ياخشى بىلەن ياماننى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىشنى ئۆگىتىدۇ

قۇرئانى ـ كەرىم بىزگە ئاللاھنىڭ نېمىلەرنى ھالال، نېمىلەرنى ھارام قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ياخشى بىلەن ياماننىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكلەرنىڭ ئومۇملىشىشى، يامان، ناچار ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ھالال ۋە ياخشى ئىشلار بىزگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، ناچار ئىشلار ۋە گۇناھلار بولسا قەلبىمىزنى قارايتىدۇ.

قۇرئانى ـ كەرىم ھالال كىرىم ۋە پايدىلىق ئىشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھالال يولدىن ئىشلەپ پۇل تېپىشنى، يەپ ـ ئىچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھالال ۋە پاكىزە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چوشقا گۆشى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى قاتارلىق ھارام نەرسىلەرنى يېيىشنى چەكلەيدۇ. ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر (ھاراق) ۋە مەست قىلغۇچى (زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىق) نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. زومىگەرلىك، ئوغرىلىق، جازانىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قىمار، پارىخورلۇق ۋە يانچۇقچىلىق قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تېپىشنى چوڭ گۇناھ ھېسابلايدۇ.

قۇرئانى ـ كەرىم پۈتكۈل ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. زۇلۇم، ناھەقچىلىق، غەيۋەتخورلۇق، ئىنسانلارنىڭ

ئەيىۋىنى، قۇسۇرىنى ۋە كەمچىلىكىنى ئىزدەش، ئۇلارنى زاڭلىق قىلىش، ئۇلارنى كەمسىتىش، بۆھتان چاپلاش، يامان لەقەم بىلەن ئاتاشنى چەكلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، پاكىزە، ئىشەنچلىك، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشايدىغان، ئىنسانلارغا ئۆرنەك بولىدىغان بىر جەمىيەت بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم ئۆزىمىز، خوشنىلىرىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانلارنى رەنجىتىدىغان ۋە بىئارام قىلىدىغان پۇزىتسىيە، ئىش-ھەرىكەتتىن يىراق تۇرۇشىمىزنى نەسھەت قىلىدۇ. دائىما ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك تەرىپىدە تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. يېقىنلىرىمىزدىن باشلاپ موھتاجلارغا ياردەم قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ.

## قۇرئانى-كەرىم ئائىلە تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ

قۇرئانى-كەرىم ئائىلىنىڭ جەمىيەت ھاياتىدىكى مۇھىملىقىغا دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ھۇزۇر ئىچىدە داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىگە قارىتا ۋەزىپىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بالىلارنى ياخشى، ئەخلاقلىق ئىنسان قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇرۇق-تۇققان مۇناسىۋەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. يېتىم-يوقسۇللارغا غەمخورلۇق قىلىشنى بۇيرۇيدۇ.

## قۇرئانى-كەرىم بىزگە سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئۆگىتىدۇ

قۇرئانى-كەرىم بىزدىن ئائىلىمىزنى، ئاتا-ئانىمىزنى ياخشى كۆرۈشىمىزنى، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بىزنى توغۇپ چوڭ قىلغۇچى ئاتا-ئانىمىزدۇر. ئۇلارنى سۆيىمىز. بۇ سەۋەپتىن ئاتا-ئانا، بىر تۇققان قېرىنداشلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.

قۇرئانى-كەرىم بىزدىن ئۇرۇق-تۇققانلىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشىمىزنى، ئۇلار بىلەن ھەمىشە ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. خوشنىلىرىمىزنىمۇ ياخشى كۆرۈشىمىز، ئۇلار بىلەن ئىناق-ئىجىل، ياخشى ئۆتۈشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق زامانلىرىدا ئۇلارغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئىنسانلار خوشنىلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا ھەمدەم بولساق، قىيىنچىلىق ئازىيىدۇ، خۇشاللىقىغا ئورتاق بولساق، خۇشاللىق كۆپىيىدۇ.

«رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھۇي دېمىگىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن.» (ئىسرا سۈرىسى، 23-ئايەت)







**«سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»**
(ئەھزاب سۈرىسى، 21- ئايەت)

قۇرئانى-كەرىم بىزدىن پۈتكۈل ئىنسانلارنى ياخشى كۆرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. قايسى مىللەتتىن، قايسى رەڭدىن، قايسى قەبىلە، قايسى ئىرقتىن بولسا بولسۇن، پۈتكۈل ئىنسانلارنى ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارنى باراۋەر ياراتقان. ھېچكىم ھېچكىمدىن ئۈستۈن ئەمەس. ھەقىقى ئۈستۈنلۈك تەقۋادارلىقتا (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمىرلىرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، ئاللاھقا يېقىن بولۇشتا) ئىپادىلىنىدۇ. بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈش ئارقىلىق دۇنيانى گۈل باغچىسىغا ئايلاندۇرۇش بىزگە باغلىق. ئۇرۇش-جىدەل، غەۋغالار ئىنسانلارغا كۆز يېشىدىن باشقا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ ئىنسان ھاياتىدىن تېخىمۇ قىممەتلىك بولغان باشقا بىر نەرسە يوق. مۇقەددەس كىتابىمىزدا بىر ئىنساننى قۇتقۇزۇشنىڭ بارلىق ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇشتەك قىممەتلىك بىر ئىش ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. يەنە كىتابىمىزدا بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈشنىڭمۇ بارلىق ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك قەبىھ ئىش ئىكەنلىكى يېزىلغان.

قۇرئانى-كەرىم بىزدىن ئىگە-چاقىسىز يوقسۇل كىشىلەرگە ياردەم قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بىز ئىنسانىمىز. ئىگە-چاقىسىزلارغا، يولدا قالغان مۇساپىرلارغا ياردەم قىلىش بىزنىڭ ئىنسانلىق ۋەزىپىمىزدۇر. ئىنسان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەممىگە ياخشىلىق قىلىمىز.

قۇرئانى-كەرىم بىزدىن جانلىق-جانسىز پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياخشى كۆرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. كېچىسى ئاسماندا پارلىغان يۇلتۇزلارنى، ئاينى، قۇياشنى، يامغۇرنى، چېچىمىزنى يەلپۈپ ئۆتكەن مەيىن شامالنى ياخشى كۆرىمىز. شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريالارنى، رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەرنى، غۇنچىلارنى، سېرىق سەمبەلەرنى، ئۇچۇۋاتقان كېپىنەكلەرنى، دەل-دەرەخلەرگە قونۇۋېلىپ سايراۋاتقان قۇشلارنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇلار بىزگە ياراتقۇچىمىزنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلار بىزگە يەر يۈزىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مەۋجۇداتنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى خاتىرلىتىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم بىزدىن بىزنى ئەڭ چىرايلىق قىلىپ ياراتقان ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى دۇنيادا ھەممە نەرسە بىز ئۈچۈن يارىتىلغان. بىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان رەببىمىزنى بىزمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز. ئىنسانلارغا بىلىشنى ۋە سۆيۈشنى ئۆگەتكەن مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئاننىمۇ بەك ياخشى كۆرىمىز.

قۇرئانى-كەرىم باللارغا مېھرى-شەپقەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. باللار مېھرى-شەپقەتكە شۇنچىلىك موھتاجكى، ئۇلارنى ئانىسى سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن چوڭ قىلىدۇ. بولۇپمۇ بوۋاقلار گويا سۆيۈلۈش ئۈچۈنلا يارىتىلغاندەك. گۈل ئۈچۈن سۇ ۋە تۇپراق قانچىلىك مۇھىم بولسا،

باللارنىڭمۇ مېھرى ـ شەپقەت ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە شۇنچىلىك ئېھتىياجى بار. بۇ سەۋەپتىن قۇرئانى ـ كەرىم ئىگە ـ چاقىسى يوق يېتىم باللارغا تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇق قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

باللار پاك ـ پاكىزە ۋە گۇناھسىز ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ. قۇرئانى ـ كەرىمدە ئۇلارنىڭ كېلىشى ھەمىشە خوشخەۋەر سۆزى بىلەن بايان قىلىنغان. باللارنىڭ دۇنياغا كېلىشى خوشخەۋەردۇر! ئاللاھتىن كەلگەن خوشخەۋەر!

باللار ئۇلۇغ رەببىمىزنىڭ ھەدىيەسى، كۆزىمىزنىڭ نۇرىدۇر. قۇرئانى ـ كەرىم ئۇلارنى كۆز نۇرى دەيدۇ. ئاتا ـ ئانا، بوۋا ـ موما ۋە ھەممەيلەن ئۈچۈن كۆز نۇرى.

قۇرئانى ـ كەرىمگە قارىغاندا، يەنە ئۇلار دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇ ـ زىننىتى ۋە پەردازىدۇر. ئۇلار ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سەنئىتىنىڭ ئىنچىكىلىكلىرى بىلەن تولغان.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز باللارنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا، كۆپ يىغلاپ قالمىسۇن دەپ دەرھال نامىزىنى ئوقۇپ تۈگىتەتتى. ئۇلارنى تىزىدا ئولتۇرغۇزۇپ: «بۇلار جەننەتنىڭ خوشبۇي ھىدى!» دەيتتى. ئۇلارنى رەنجىتىشكە ھەرگىز چىدىمايتتى. بولۇپمۇ يېتىملارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشقا ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. ئۇلارنى مۈرىسىگە مىندۈرۈپ ئويۇن ئوينايتتى، ئۇلارغا چاخچاق قىلاتتى، سالام قىلاتتى، ھال ـ ئەھۋالىنى سورايتتى. ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، بېشىنى سىلاپ، مۈرىسىگە مىندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا بىللە ئىشتىراك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاغرىقى ياكى ئازابىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، چوڭلارمۇ باللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى پەيغەمبىرىمىزدىن ۋە ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن قۇرئانى ـ كەرىمدىن ئۆگەندى.

## قۇرئانى ـ كەرىمدىن باللارغا نەسىھەتلەر

«ئىبراھىم ۋە ياقۇپ ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار» دېدى.»

«ياقۇپ جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا ياقۇپ ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ

ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ــــ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى.» (بەقەرە سۈرىسى، 132 ـ 133 ـ ئايەتلەر)

«ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى. ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.

ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن). ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن. ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.

(لوقمان ئېيتتى:) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئويۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپى جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.

ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ـ ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن. (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرىغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن كەسكىن بۇيرۇلغان ئىشلاردىندۇر.

كىشىلەردىن مەنستىمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ.

ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.» (لوقمان سۈرىسى، 13 ـ 19 ـ ئايەتلەر)

**«كىچىك باللىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن. ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (نۇر سۈرىسى، 59 ـ ئايەت)

## ئوقۇيلى...

### ئۆمۈچۈك ئۆزىنىڭ ئىسمىدا نازىل بولغان سۈرىنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ


مەن كىچىككىنە بىر ئۆمۈچۈكمەن. بۇنى ئاڭلاپلا چىرايىڭىزنى تۈرمەڭ. بىلىمەن، سىلەرنىڭ كۆپىنچىڭلار مېنىڭ تورقۇمنى ياقتۇرمايسىلەر، ھەتتا قورقىسىلەر. ئەمما شۇنى ئۇنۇتماڭلاركى، رەببىمىز ھېچقانداق نەرسىنى بىكارغا ياراتمىغان. رەببىمىز قۇرئانى ـ كەرىمدە مېنى تىلغا ئالغان ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ 29 ـ سۈرىسىگە (ئەنكەبۇت) مېنىڭ ئىسمىمنى قويغان. سىلەرگە بۇ سۈرىنى قىسقىچە تونۇشتۇراي:

ئەنكەبۇت سۈرىسى 69 ئايەتتۇر. بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئاساسلىق تېمىلار ئىچىدە ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقى، يامانلىق قىلغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ ئەڭ ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇندىن باشقا ناماز ئوقۇشنىڭ كىشىنى قەبىھ، ناچار ئىشلاردىن يىراق تۇتىدىغانلىقى، ئاللاھنى ئەسلەشنىڭ بۈيۈك بىر ئىبادەت ئىكەنلىكى، ئىنسانلار راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشىغاندا ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە دۇئا قىلىشقا سەل قارىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يارىتىلغان ھەر قانداق جانلىقنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقى، يالغان گەپ قىلىشنىڭ بەك سەت ئىش ئىكەنلىكى، ھەممە كىشىنىڭ پەقەتلا ئۆزىنىڭ گۇناھىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. يەنە بۇ سۈرىدە پەيغەمبەرلەردىن نوھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، لوت ئەلەيھىسسالام، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ۋە ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى بار.

ئەمدى بۇ سۈرىنىڭ بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 41 ـ ئايەتتىكى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشىتىشتىن كەلگەن. بۇ يەردىكى ئوخشىتىش ھەقىقەت ئالدىدا ئاجىز ۋە كۈچسىز قالغان ساختا ئەقىدە ۋە كۆز قاراشلارنى بايان قىلىدۇ. ئەنكەبۇت چىشى ئۆمۈچۈك دېگەنلىكتۇر. چىشى ئۆمۈچۈك تور توقىغان چاغدا ئۆز يەردە جۈپتىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ تورغا چۈشكەن چىۋىن ۋە باشقا قۇرت ـ قوڭغۇز ھاشارەتلەر تۇزاققا چۈشىدۇ. بىز ياسىغان ئۆي ئۆزىمىزگە نىسبەتەن مەزمۇتتۇر. ھەتتا ئۆمۈچۈك تورىنىڭ تال ـ تال يىپى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش قېلىنلىقتىكى پولات سىمدىنمۇ بەكرەك مەزمۇتتۇر.

«ئاللاھنى قويۇپ باشقىلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۆمۈچۈك ئۆي سالىدۇ، ئەمما ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. كاشكى، ئۇلار بۇنى بىلگەن بولسا ئىدى.»

(ئەنكەبۇت سۈرىسى، 41 ـ ئايەت)



ئىنسانلار بىلمەيدۇ، ئەمما مەن سىلەرگە دەپ بېرەي: بىز ئۆمۈچۈكلەر ئالدى بىلەن بىز تور توقۇماقچى بولغان يەرنىڭ ماتېماتىكىلىك ۋە گېئومېترىك ھېسابىنى ھېسابلايمىز. بىز توقىغان تورلار بىزنىڭ ياتىقىمىز، قاتناش قۇرالىمىز، رادارىمىز، سىگنال ئەسۋابىمىز ۋە ساۋۇت-دۇبۇلغىمىزدۇر. بىزگە نىسبەتەن مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئەمما ئۆمۈچۈك ئۇۋىسىنىڭ ئاجىزلىقى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى سايىداتمايدۇ، قوغدىيالمايدۇ. كىچىككىنە شامال چىقسىلا ئۆرۈلۈپ يوق بولۇپ كېتىدۇ.

شۇڭا ئەنكەبۇت سۈرىسىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ۋە بېرىلمەكچى بولغان ئۇچۇر بۇ مىسال ئەتراپىدا چۆگىلەپ تورغانلىقى ئۈچۈن ئۆمۈچۈك ئوخشىتىشى سۈرىنىڭ سىمۋولى دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئۆمۈچۈك سالغان ئۆي قانچىلىك ئاجىز بولسا، ئاللاھتىن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ تايانچىسىمۇ شۇنچىلىك ئاجىزدۇر. ئىنسانلار كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆزى چوڭ بىلگەن بەزى كۈچ ۋە قۇۋۋەتلەرنى يەر يۈزىنىڭ ئاساسلىق كۈچ-قۇۋۋىتى دەپ ئويلاپ قالىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشى مال-مۈلۈك، ئەمەل-مەنسەپنى ئەڭ كۈچلۈك قۇدرەت دەپ قارايدۇ. ئۆزىنى مۇشۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاتايدۇ. نۇرغۇن كىشى پايدىسىز ئىلمىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ كېتىدۇ. بەزىدە ئىنسانلار ھەربى قۇراللارنى ۋە مۇشتۇمزورلۇقنى ھەممىدىن كۈچلۈك دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئەسلىدە ئۇلارنى ياراتقان ئىلاھىي كۈچنى كۆرۈشى كېرەك ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ يۇقارقى قاراشلارنى بىر پۈدەش بىلەنلا يوق بولۇپ كېتىدىغان ئاجىز ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاتماقتا. ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەت ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىشتىدۇر. بۇنىڭ سىرتىدىكىلەر قانچىلىك كۈچلۈك كۆرۈنسە كۆرۈنسۇن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ قىممىتى بىر ئۆمۈچۈكچىلىك كېلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ خالىسا ئۆزىنى تەڭرىمەن دەپ جاكالىغان نەمرۇتنى بىر تال پاشىغا چاقتۇرۇپلا ئۆلتۈرگەنلىكىنى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن قۇراللىق ئادەملەرنى پەيغەمبىرىمىز يوشۇرۇنغان غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا بىر تال ئۆمۈچۈك تورى قويۇش ئارقىلىقلا ئارقىغا ياندۇرغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ، ئەمما ھەقىقەتنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

ھازىر گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە مېنى بەك خۇشال قىلغان بىر ۋەقەنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي. مەن ئەسلىدە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا

مۇھىم بىر ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۆمۈچۈكمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سەپەردىشى ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى قوغداش ئۈچۈن غارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا بىر تور توقۇش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇردى. مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت-سائادەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرلۇق چىرايىنى كۆرۈش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىم بولدى. ئۇنىڭ بىلەن ۋە سەپەردىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۈچ كۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل كۈنلىرىمدۇر. بۇ مەن ئۈچۈن نەقەدەر چوڭ خۇشاللىق-ھە!

ئەگەر سىلەرمۇ پەقەتلا ئاللاھقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغىلا تايانساڭلار، دۇچ كەلگەن ھەر قىيىن ئۆتكەلدىن ئاسان ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر. ئۇلۇغ ئاللاھتىن پاناھ تىلەڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدىن بۈيۈك ياردەمچى ۋە ھەقىقى دوست يوقتۇر.



4 ـ باپ

# قىسسەلەردىن ئالىدىغان ئىبرەتلەر

## تۇنجى ئىنسان تۇنجى پەيغەمبەر

ئاللاھ ئالدى بىلەن ئادەم ئاتىمىزنى ياراتتى. ئاندىن ھاۋۋا ئانىمىزنى ياراتتى. ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە يولداش قىلدى.

ئۇلارغا مەۋجۇداتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆگەتتى. ئادەمگە ھاۋۋا دېيىشنى، ھاۋۋاغا ئادەم دېيىشنى ئۆگەتتى. ئۇلارغا جىمى شەيئىنى بىلىشنى، تونۇشنى ئۆگەتتى. ئادەم ئاتىمىزغا پەيغەمبەرلىك بەردى. بارلىق ئىنسانلار ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋۋانىڭ باللىرىدىن كۆپىيىپ، يەر يۈزىنىڭ پەرقلىق يەرلىرىگە تارقالدى. يەر يۈزىدە ھەر خىل تىل ۋە ئىرق مەيدانغا كەلدى. ئاق تەنلىك ۋە قارا تەنلىكلەر ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھاۋۋادىن توغۇلۇپ كۆپەيدى. سېرىق تەنلىك، قىزغۇچ تەنلىك، بوغداي ئۆڭلۈك، قارىۋاي ئىنسانلار ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋۋا ئانىنىڭ باللىرىدۇر. چېچىمىزنىڭ رەڭگى، كۆزىمىزنىڭ رەڭگى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، ھەر خىل تىلدا سۆزلەشسەكمۇ، بىر يۈرىكىمىز، ئىككى قولىمىز ۋە ئىككى پۇتىمىز بار. ھەممىدىن مۇھىمى بىر ئەقلىمىز بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە قۇرئانى ـ كەرىم ئۆگەتكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا بىز ئىنسانلارنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقى، قانداق كۆپەيگەنلىكى يېزىلمىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزىگە نېمىشقا تارقالغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولاتتۇق. يەر يۈزىنىڭ ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەنلىكى كىتابىمىزغا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن بىلىمىز.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى پەرىشتە ۋە جىن ئىسىملىك مەۋجۇداتلار يارىتىلغان. ئاللاھ پەرىشتىلەرگە يەر يۈزىدە ئىنسان يارىتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار: «رەببىمىز، بىز ساڭا ئىبادەت قىلىمىز، ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز، سېنى ئۇلۇغلايمىز. راستىنى ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە قان تۆكۈشىدىن، بوزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەيمىز» دېدى. ئاللاھ: «سىلەر بىلمەيدىغاننى مەن بىلىمەن» دەپ تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالامنى توپىراقتىن ياراتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى.

ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەر شەيئىنىڭ ئىسمىنى ئۆگەتتى. قۇياشنى قۇياش، توپىراقنى توپىراق، شامالنى شامال دېيىشنى، گۈلنى گۈل، قۇشنى قۇش دېيىشنى ئۆگەتتى. قانچىلىك مەۋجۇدات بار بولسا، ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆگەندى. ھالبۇكى، ئاللاھ پەرىشتىلەرگە بۇلارنى ئۆگەتمىگەن ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن كېلىدىغان ئىنسانلارنى باشقا مەۋجۇداتلاردىن ئۈستۈن قىلدى. رەببىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مەۋجۇداتلارنىڭ ئىسمىنى پەرىشتىلەرگە سۆزلەشنى تەلەپ قىلدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىسىملارنى سۆزلىگەندە، پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈسۈنلۈكىنى قوبۇل قىلدى. پەقەت شەيتانلا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىدى ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۆزىنىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقىنى سۆزلەپ، توپىراقتىن يارىتىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كەمسىتتى. ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئاللاھقا قارشى چىقتى. ھالبۇكى، ئوتنى ۋە توپىراقنى ئاللاھ ياراتقان ئىدى. ئوت توپىراقتىن ئۈستۈن بولالايتتىمۇ؟! ئادەم ئەلەيھىسسالام توپىراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆزىگە ئەقىل ۋە ئىرادە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۈستۈن ئىدى.

ئاللاھ ئۆزىگە قارشى چىققان، چوڭچىلىق، تەكەببۇرلۇق قىلغان ۋە ئىنساننى كۆزگە ئىلمىغان شەيتاننى قىيامەتكە قەدەر لەنەتلىدى. ئۇنىڭغا ئىنسانلار قىيامەتتە تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر مۆھلەت بەردى. شەيتان پۇشايمان قىلىپ، قىلغان خاتالىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشنى تاللىدى. ئاللاھقا قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئىنسانلارنى ياخشى

ئىش قىلىشتىن توسۇش ۋە گۈزەللىكلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىسنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن شەيتان جىمى گۈزەللىكلەرنىڭ دۈشمىنى بولدى.


ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھەزرىتى ھاۋۋانى ياراتتى. ئۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جۈپ قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى جەننەتكە قويدى. ئۇلارغا بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ سالماسلىقنى جېكىلىدى. شۇنداقلا شەيتاننىڭ ئىنساننىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى كېرەكلىكىنى تاپىلىدى.

شەيتان ئۇلارغا چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئالداپ، ئۇلارغا ئاللاھ يېمەڭلار دېگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ھاۋۋا خاتا ئىش قىلىپ سالغانلىقىنى چۈشەندى، قاتتىق پۇشايمان قىلدى. شەيتاننىڭ ھىيلىسىگە ئالدانغانلىقى ئۈچۈن، مەڭگۈ ئەسكى بولۇپ كېتىشتىن ۋە جەھەننەمگە كىرىپ كېتىشتىن قورقتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ پۇشايمان قىلىپ، قاتتىق ئازاپلانغانلىقىنى كۆردى. تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلارنى جەننەتتىن يەر يۈزىگە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتى باشلاندى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ھاۋۋا ئاللاھتىن ئۆزلىرىگە پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلىدى. ئاللاھ ئۇلارغا نۇرغۇن قىز ـ ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ نەسلى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا پەيغەمبەر بولدى. ئاللاھ ئۇنى شەيتاننىڭ ھىيلىسىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھابىل ۋە قابىل ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر مال قۇربانلىق قىلغان ئىدى. ھابىلنىڭ قوربانلىقى قوبۇل قىلىندى، قابىلنىڭ قوربانلىقى قوبۇل قىلىنمىدى. شەيتان قابىلنىڭ كۆڭلىگە ئاكىسىغا قارشى چىدىماسلىق، ئۆچ ـ ئاداۋەت ئۇرۇقى چاچتى. ئاخىرى قابىل ئاكىسىنى ئۆلتۈردى. يەر يۈزىدە تونجى قېتىم قان تۆكۈلگەن ئىدى. شەيتان بۇ قاتىللىق ۋەقەسىگە بەك خۇشال بولدى. قابىل ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، بېشىنى قاشلاپ قاراپ تۇرغاندا بىر قاغا كۆرۈندى. قاغا بىر ئۆلۈك قاغىنى توپىغا كۆمۈش ئۈچۈن پۇتى بىلەن يەرنى تاتىلاۋاتاتتى. قابىل ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇنداق قىلالايدىغانلىقىنى





ئويلاپ، يەرنى كولاپ، ئاكىسى ھابىلنى ئۇ يەرگە كۆمدى. ئۇ كۈندىن ئېتىۋارەن ئۆلگەن ھەر قانداق ئىنسان توپىغا كۆمۈلىدىغان بولدى.

بىر كۈنى، قاتتىق قېرىپ كەتكەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. ئۇمۇ توپراققا دەپنە قىلىندى.

ھەزرىتى ئادەم تۇنجى يارىتىلغان ئىنسان، ئادەم بالىلىرىنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم كىيىم كەيدى، تونجى قېتىم توپراققا زىرائەت تېرىپ تېرىقچىلىق قىلدى. بىلىدىغانلىرىنى بالىلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ياخشى ئادەم بولۇشنى ۋە سالاملىشىشنى نەسىھەت قىلدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ تۇنجى پەيغەمبىرىمىزدۇر، ئۇنىڭ ھاياتى قۇرئانى-كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.

## نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىنسانلار كۆپىيىپ يەر يۈزىگە تارقالدى. توپ-توپ بولۇپ ياشاشقا باشلىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنسانلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ يولىدىن ئايرىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئۆز قولى بىلەن ياسىغان بۇتلارنى تەڭرى دەپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇشتى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان ئىدى. كۈچلۈك ۋە باي كىشىلەر ئاجىز، يوقسۇللارنى ئېزەتتى. ئىنسانلار تاش يۈرەك بولۇپ، مەرھەمەت، ياخشىلىق دېگەننى ئۇنۇتقان ئىدى. قىسقىسى، جەمىيەتتە تىنچلىق ۋە ھۇزۇر قالمىغان ئىدى. ئاللاھ ئۇ خەلقنىڭ ئىچىدىن نوھ ئەلەيھىسسالامنى تاللاپ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بەردى. نوھ ئەلەيھىسسالام ھېچكىمگە ناھەقچىلىق قىلمايدىغان، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ۋە ياخشى كۆرۈلگەن بىر كىشى ئىدى. موھتاجلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى، ئۆزى توغرا دەپ قارىغاننى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايتتى.

نوھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن خەلقنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا ۋە يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئۆزىنىڭ بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى، خەلق ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغانسىرى تىنچلىق ۋە ھۇزۇرغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. قەۋمى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گۈزەل

چاقىرىقىغا ئىشەنمەيلا قالماستىن يەنە ئۇنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى زاڭلىق قىلدى. ئۇنىڭغا: «سەن بىزگە ئوخشاش بىر ئىنسانسەن، ساڭا نېمىدەپ ئىشەنگۈدەكمىز؟!» دېدى. نوھ ئەلەيھىسسالام شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بەك ئاز كىشى ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى. باشقىلار يەنىلا بۇتقا چوقۇنۇشنى، قەبىھ ئىشلارنى قىلىشنى ۋە ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئىنكارچىلار نوھ ئەلەيھىسسالامنى ساراڭ دەپ قارىلىدى. قولىدىن كېلىشچە ئۇنىڭ تەبلىغ قىلىشنى توستى. نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا قىلغان زۇلۇمى شۇنچىلىك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكى، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈرىمىز دەپ تەھدىت سالدى. نوھ ئەلەيھىسسالام يەنە سەۋرى ـ تەقەت بىلەن قەۋمىگە نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

شەھەرنىڭ كاتتىلىرى ۋە بايلىرىنىڭ قاتتىق كۆڭلى يۇمشىمىدى، ئىنكارچىلار كۇفرىدا تېخىمۇ ئەۋزەيلەپ كەتتى. نوھ ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتىرىپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى: «ئەي رەببىم، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى يالغانغا چىقىرىپ ئىنكار قىلدى، ماڭا ياردەم قىلغىن!» بۇنى ئاڭلىغان ئىنكارچىلار: «سەن ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغان رەببىڭ بىزنى جازالاپ باقسۇن قېنى، كۆرەيلى!» دەپ كۆرەڭلىدى. نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئىمان ئېيتقۇچىلارغا قىلىنغان زۇلۇملار چىدىغۇسىز ھالغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن نوھ ئەلەيھىسسالام: «ئەي رەببىم، مېنى ۋە ئىمان ئېيتقۇچىلارنى قۇتقۇزغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ نوھ ئەلەيھىسسالامغا بىر كېمە ياساشنى بىلدۈردى. ئۇ كۈنگە قەدەر ھېچكىم كېمە ياساپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىم كېمە ياساشنى بىلمەيتتى. ئاللاھ نوھ ئەلەيھىسسالامغا كېمە ياساشنى ئۆگەتتى. نوھ ئەلەيھىسسالام ئورمانلىقتىن ياغاچلارنى ئېلىپ كېلىپ، چوڭ بىر كېمە ياسىدى. كېمە پۈتكەندىن كېيىن ئاللاھ نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كېمىگە چىقىرىلىشنى بۇيرىدى. ئۇندىن باشقا كېمىگە ھەر ھايۋاندىن بىر جۈپ ئېلىۋېلىشنى بۇيرىدى. ئىنكار قىلغۇچىلار يېقىنلاپ كېلىۋاتقان پالاكەتنى ھېس قىلالمىدى. ئەتىسى كۈنى ئاسمان قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلاندى، چاقماق چېقىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يامغۇر ھېچ توختىماي ياغدى، ياغدى. ھەممە يەرنى سۇ باسقان ئىدى. ئىنكارچىلار تاغقا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ ئۇلارنى قۇتقۇزالمىدى. يامغۇر شۇنچىلىك قاتتىق ياغدىكى، بىر غېرىچ بولسىمۇ قۇرۇق يەر قالماي،

ھەممە يەر سۇ بىلەن توشۇپ كەتتى. نوھ ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى.

كۈنلەردىن بىرى توختىماي ياغقان يامغۇر توختاپ، بۇلۇتلار تارقالدى. قۇياش قايتا يەر يۈزىگە سىخلىق بىلەن نۇرىنى چېچىشقا باشلىدى. ئاللاھ ئىمان ئېيتقان بىر جامائەت كىشىنى قۇتقۇزغان ئىدى.

سۇ ئاستا ئاستا يەرگە سىڭىپ كەتتى. تاغلار، تۈزلەڭلىكلەر يېڭىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ سەۋەپتىن، نوھ ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر. تۈنجى كېمىنى ئۇ ياسىغان. ئۇنىڭ ھاياتى قۇرئانى-كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.

## ئوت ئىچىدىكى گۈل باغچىسى

نوھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىنسانلار يەر يۈزىدە قايتىدىن كۆپەيدى. يېڭى-يېڭى شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، توپ-توپ بولۇپ ياشاشقا باشلىدى. ئىنسانلار ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پەيغەمبەرلەر ئۆگەتكەن توغرا يولدىن ئايرىلىپ، يامان يولدا مېڭىشقا، ئاللاھنى تاشلاپ باشقا تەڭرىلەرگە چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۇلۇغ دىنىنى ئەسكە سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى بىرى ئىدى. ئۇ بىر قىسمى كۈنىمىزدىكى ئاناتولىيەنىڭ بىر پارچىسى بولغان قەدىمقى بابىل دۆلىتى خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۇ يەردىكى ئىنسانلار قۇياش، ئاي، يۇلتۇز ۋە ئۆز قولىدا ياسىۋالغان بۇتلارنى تەڭرى دەپ چوقۇناتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى بىر كېچە ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ۋە ئايغا قاراپ: «ئىنسانلار بۇلارنى قانداقمۇ تەڭرى دەپ چوقۇنىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. كېچە جىمىرلاپ پارلىغان يۇلتۇزلار ۋە ئاسماننىڭ چىرايلىق زىننىتى بولغان ئاي كۈندۈزى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ يوقاپ كېتەتتى. «بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمىگەن ئاي ۋە يۇلتۇزلار مېنىڭ رەببىم ئەمەس» دېدى. بىر كۈنى سەھەردە تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈننىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلدى. قۇياش پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن

پارلايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۈن بۇيى كۈنگە قاراپ تۇردى. قۇياشمۇ ئاخشام بولۇشى بىلەنلا جىمجىت غايىپ بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇياشنىڭمۇ ئىنسانلارنىڭ رەببى بولالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئىنسانلارنى چۈشىنىشتە قىينالدى. ھەممە شەيئىنى: ئىنسانلارنى، قۇياشنى، يۇلتۇزلارنى ۋە ئاينى ياراتقان ئۇلۇغ بىر تەڭرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەر كۈنى بۇ ھەقتە ئويلاندى ۋە ئاخىرى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام گۈزەل خۇيلۇق، ياخشىلىقپەرۋەر ۋە مەرت كىشى ئىدى. مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈشنى، ئۇلارغا ھەدىيە بېرىشنى، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئاللاھ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بۇيرىغىنىدەك، ئۇنى ۋە خەلقنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ناچار، قەبىھ ئىشلاردىن ۋاز كېچىشكە بۇيرىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىمۇ بۇتقا چوقۇناتتى. دادىسىنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكلا يېرىم قىلاتتى. بىر كۈنى دادىسىغا: «جېنىم دادا، ئاڭلىمايدىغان، كۆرەلمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بۇ بۇتلارغا نېمىشقا چوقۇنىسەن؟ دادا، ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى يوقتۇر» دېدى. دادىسى ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئاچچىغى كېلىپ: «سەن بىزنىڭ تەڭرىلىرىمىزنى ئىنكار قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ تېخى؟!...» دەپ ئۇنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسىنىڭ بۇ قوپاللىقىغا قارىماي، ئاللاھتىن ئۇنى ئەپۇ قىلىشنى، ئۇنى ھىدايەت قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خەلقىگە تەك ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى، باشقا تەڭرىلەرگە چوقۇنماسلىقى لازىملىقىنى سۆزلەپ زېرىكمەي تىرىكمەي تەبلىغ قىلاتتى.

بابىل پادىشاھى نەمرۇت بەكلا رەھىمسىز بىر ئادەم ئىدى. خەلق ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغىدىن يىراقتا تۇراتتى. بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى. نەمرۇت ئۆزىگە قالتىس ئىشىنىدىغان بىر تەلەپپۇزدا: «بۇ دۆلەتنىڭ تەڭرىسى مەن. سېنىڭ تەڭرىڭ كىم؟» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ رەببىم ئاللاھتۇر. ئۇ ئۆلتۈرىدۇ ۋە قايتا تىرىلدۈرىدۇ» دېدى. بۇنىڭ بىلەن نەمرۇت ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئىككى كىشىنى چاقىرتىپ ئەكەلدى. ئەسكەرلىرىگە:

«مەھكۇملارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، بىرىنى قويۇۋېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. ئەسكەرلەر دەرھال مەھكۇملارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرىنى قويۇپ بەردى. نەمرۇت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: «مانا كۆردۈڭمۇ؟ مەنمۇ ئۆلتۈرەلەيمەن، تىرىلدۈرەلەيمەن» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ رەببىم قۇياشنى شەرقتىن چىقىرالايدۇ. ئەگەر كۈچۈڭ يەتسە، سەنمۇ قۇياشنى غەرپتىن چىقىرىپ باق!» دېدى. نەمرۇت بۇنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. لېكىن يەنىلا ئاللاھقا ئىمان ئېيتمىدى.

بابىل شەھرىدە بۇتلار قويۇلغان بىر چوڭ ئىبادەتخانا بار ئىدى. خەلق بۇ يەرگە كېلىپ، بۇتلارغا ھەدىيە تەقدىم قىلاتتى، تىلىكىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. بىر كۈنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بايرامدا ھەممە كىشى ئويۇن-تاماشاغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىبادەتخانىغا ئاستا كىرىپ، چوڭ بۇتتىن باشقا ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسىنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. ئاخىرىدا پالتىنى چوڭ بۇتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەيلا ئىبادەتخانىدىن چىقىپ كەتتى. بابىل خەلقى ئويۇن-تاماشىسى تۈگىگەندە ئىبادەتخانىغا كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇتلارغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى. دەرھال ئۇنى چاقىرىپ ئەكىلىپ سورىدى: «بۇتلىرىمىزنى سەن چاقتىڭمۇ؟» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «بوينىدا پالتا ئېسىقلىق تۇرغان ئاۋۇ چوڭ بۇت چاققانمىكىن-تاڭ! ئۇنىڭدىن سوراپ باقايلى، كىمنىڭ چاققانلىقىنى بەلكىم ئۇ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن» دېدى. ئۇ يەردىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، بىر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، بىردە بۇتلارغا قاراپ قالدى. ئۇلاردىن بىرى: «ئىبراھىم، بىزنى تۇلا زاڭلىق قىلما! سەنمۇ بىلىسەن، بۇلار جانسىز، كۆرەلمەيدۇ، گەپ قىلالمايدۇ. ئۇ قانداق بىلىدۇ كىمنىڭ چاققانلىقىنى؟!» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «ياخشى، ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدىغان، گەپ قىلالمايدىغان، ئۆزىنى قوغداشقىمۇ قادىر بولالمايدىغان بۇ بۇتلارغا نېمدەپ ئىبادەت قىلىسىلەر؟ ئاللەملەرنىڭ رەببى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئۇ يەردە بۇنى ئاڭلىغانلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ۋەقە خەلق ئارىسىدا قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ ھەممە يەرگە تارقىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر ئىمان

ئېيتىپ، بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچتى. نەمرۇت بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى. ئىمان ئېيتقۇچىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. يىغىپ كېلىنگەن ئوتۇنلار شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى مەيدانغا تاغدەك دۆۋىلەندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلەتتى. نەمرۇت ئىبراھىم بەلكىم قورقۇپ ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قارىدى. لېكىن ئۇ قىلچىلىك ئەندىشە قىلماي، بېشىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. خەلق ئوتنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان ئىدى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى. ھەممە كىشى جىددىيلىشىپ قارىشىپ تۇراتتى. ئوت تۇساتتىن بىر گۈللۈك باغچىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىمان ئېيتقانلارنىڭ كۆزىدە خۇشاللىق نۇرى پارلىسا، نەمرۇت ۋە ئىنكارچىلار ئاچچىغىدىن تىلىنى چىشلەپ، تىلىنى ئۈزۈپ چايناپ يۇتۇۋەتكۈدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاللاھ ئوتقا ئىبراھىمنى كۆيدۈرمەسلىكنى بۇيرىدى. ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرىدىغان ئوت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سالقىن گۈل باغچىسى بولغان ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ مۆجىزە ئالدىدا رەببىگە يۈرەكتىن تەشەككۈر ئېيتتى.


بۇ مۆجىزىدىن كېيىن ئىنكارچىلار يەنە يامانلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ گۈزەل دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن توغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدىن ئايرىلىپ، مىسىرغا ھىجرەت قىلدى. ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئىسىملىك ئىككى ئوغلى دۇنياغا كەلدى. ئاللاھ ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ھەر ئىككىسىنى پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم ئادەم ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان كەبىنى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئەسلىدىكى ئۇلىنىڭ ئۈستىگە قايتىدىن بىنا قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ ھاياتى قۇرئانى ـ كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.





# گۈزەللەر گۈزىلى يۈسۈپ

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، كەنئان دۆلىتىگە ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەر ئىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولدى. يۈسۈپ ئون بىرىنچى، بۈنيامىن بولسا ئەڭ كىچىك ئوغلى ئىدى.

يۈسۈپ بەكلا چىرايلىق، كېلىشكەن بىر بالا ئىدى. ئىنسانلار ئىچىدە ئۇنىڭدەك گۈزەل بىرەيلەننى تېپىش بەكلا تەس ئىدى. كىچىك چېغىدىلا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دادىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. دېمىسىمۇ يۈسۈپ سۆيۈملۈك، جانغا يېقىن بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە كىشى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن ئۆگەي ئاكىلىرى دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا بەك كۆيۈنۈشىگە چىدىمايتتى.

يۈسۈپ بىر كېچە ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئون بىر يۇلتۇز، قۇياش ۋە ئاي ئۇنىڭغا سەجدە قىلىۋاتاتتى. كۆرگەن چۈشىنى دادىسىغا سۆزلەپ بەردى. دادىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بۇ ياخشى چۈشتىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئوغلىنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئوغلى يۈسۈپنىڭ كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. دادىسى ئۇنىڭغا كۆرگەن چۈشىنى ئاكىلىرىغا سۆزلىمەسلىكنى قاتتىق جېكىلىدى. چۈنكى باشقا ئوغۇللىرىنىڭ يۈسۈپكە بىرەر يامانلىق قىلىپ سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايتتى، ھېچكىمگە ئامانەتمۇ قىلمايتتى.

ئاكىلىرى بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يۈسۈپنىڭ چۈشىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ ئۇلارنىڭ چىدىماسلىقىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. ئاخىرى بىرلىشىپ يۈسۈپنى كۆزدىن يوقىتىشقا نىيەتلەندى. ئۆزئارا بىر مەخپىي پىلان تۈزدى. ھەممىسى بىرلىكتە ئورمانلىققا ئوينىغىلى بېرىش ئۈچۈن دادىسىدىن رۇخسەت سورىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۈسۈپنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشنى خالىمىدى، بىراق ئوغۇللىرى بەك چىڭ تۇرۇۋالدى، «جېنىم دادا، بىز بۈنچىلىك كۆپ تۇرساق، بىر يۈسۈپنى قوغدىيالماي قالاتتۇقمۇ؟! بىزگە رۇخسەت قىلىڭ، ھەممىمىز بىرلىكتە بېرىپ ئويناپ كېلەيلى!» دېيىشتى. دادىسى ئامالسىز رۇخسەت قىلدى. ئاكا-ئۇكىلار بىرلىكتە يولغا چىقتى. ئۆيدىن خېلى ئۇزاقلاشقان ئىدى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئەمدى

يۈسۈفنى جايلىيالايتتى. ئاكىلىرى ئۇنىڭغا قىلچىلىك ئىچ ئاغرىتماي، تاش يۈرەكلىك بىلەن ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. يۈسۈف قودۇقنىڭ ئىچىدە بۈرجەكتىكى بىر تاشقا ئېسىلىپ قېلىپ، سۇغا غەرق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئاكىلىرى دادىسىغا نېمىدەپ يالغان گەپ توقۇش ھەققىدە ئويلاندى. ئاخىرى ئورمانلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن بىر ھايۋاننىڭ قېنى بىلەن يۈسۈفنىڭ كۆڭلىكىنى بوياپ، قولىدا قان يۇقى كۆڭلەكنى كۆتىرىپ يىغلىغان پېتى ئۆيگە كەلدى. دادىسىغا: «جېنىم دادا، بىز ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكىنىمىزدە قېرىندىشىمىز يۈسۈفنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ. شۇنچە ئىزدىشقان بولساقمۇ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالالمىدۇق. پەقەت ئۇنىڭ قان يۇقى كۆڭلىكىنىلا تاپالىدۇق...» دېيىشتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام كۆڭلەكنىڭ پەقەتلا يىرتىلمىغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇلارنىڭ يۈزىگە قاراپمۇ قويماي، دەرھال نېرى كېتىشىنى ئېيتتى. كۆزى ياشقا تولدى. ئامراق ئوغلى يۈسۈفنىڭ دەرت ـ ئەلىمىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلدى.

يۈسۈف قۇدۇقنىڭ ئىچىدە بىچارە ھالدا ساقلاپ تۇرغاندا مىسىرغا كېتىۋاتقان بىر كارۋان ئۇنى قۇدۇقتىن قۇتۇلدۇرىۋالدى. مىسىرغا كەلگەندە كارۋاندىكىلەر يۈسۈفنى مىسىر ۋەزىرىنىڭ ئۆيىگە خىزمەتكارلىققا بېرىۋەتتى. يۈسۈف بۇ يەردە قېلىشقا باشلىدى.

يۈسۈف چوڭ بولۇپ، ياش يىگىت بولغىنىدا تېخىمۇ گۈزەل، سۈمباتلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ۋەزىرنىڭ ئايالى يۈسۈفنىڭ گۈزەللىكىگە كۆيۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆيدە ھېچكىم يوق بىر چاغدا يۈسۈفكە ئەخلاقسىز بىر ئىش توغرىلىق گەپ قىلدى. يۈسۈف بۇ سەت تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ پاكىزە ۋە ئەخلاقلىق بىر يىگىت ئىدى. ۋەزىرنىڭ ئايالى ئارزۇسىغا يېتەلمەي، يۈسۈفنى ئىبرىگە چېقىپ، ئۇنى ناھەق ھالدا زىندانغا سولىتىۋەتتى.

يۈسۈف ئۇزۇن يىللار زىنداندا قالدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتى. زىنداندا بىللە ياتقان مەھبۇسلارنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەتتى. بەرگەن تەبىرى توغرا چىقاتتى. ئاللاھ ئۇنى ئىنسانلارنى توغرا، ياخشى يولغا دەۋەت قىلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىدى.

بىر كېچە، مىسىر پادىشاھى چۈشىدە يەتتە ئورۇق كالىنىڭ يەتتە سېمىز كالىنى يېگەنلىكىنى كۆردى. يەتتە يېشىل باشاقنىڭ يېنىدا يەتتە قۇرۇق باشاق بار ئىدى. بۇ چۈشكە مىسىردا ھېچكىم تەبىر بېرەلمىدى. زىنداندىكى چاغدا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى تونۇيدىغان بىرەيلەن پادىشاھقا ئۇنىڭ چۈشكە توغرا تەبىر بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، چۈشكە تەبىر بەرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى دەرھال زىنداندىن چىقاردى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام كەلگۈسىدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپەتى بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىن تەدبىر تۈزۈش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. پادىشاھ دۆلەتتە ئېغىر قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى خەزىنە باشقۇرغۇچىلىققا تەيىنلىدى.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام يەتتە يىللىق مەمۇرچىلىق مەزگىلىدە مەھسۇلاتلارنىڭ بىر قىسمىنى ئامبارلارغا قويغۇزدى. يەتتە يىلدىن كېيىن قۇرغاقچىلىق ئاپەتى باشلاندى. خوشنا دۆلەتلەردىكى خەلقلەر توپ ـ توپ ھالدا مىسىرغا ئاشلىق ئالغىلى كېلىشكە باشلىدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرىمۇ ئەڭ كىچىك ئۇكىسى بۇنيامىننى دادىسىنىڭ يېنىدا قويۇپ، مىسىرغا ئاشلىق ئالغىلى كەلدى. ئاكىلىرى يۈسۈفنى تونىيالمىدى، ئەمما يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تونىغان ئىدى. ئۇلارغا كىچىك ئۇكىسىنى ئېلىپ كېلىشنى، بولمىسا يەنە بىر قېتىم كەلگەندە ئاشلىق بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەرگەن ئاشلىقنىڭ ھەققىنىمۇ ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى. ئاكىلىرى مىسىرغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئۇكىسى بۇنيامىنىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇكىسى بۇنيامىنغا بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى. بۇنيامىننى مىسىردا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزدى. ئاكىلىرى شەھەردىن چىقىدىغان چاغدا پادىشاھنىڭ قىممەتلىك بىر بۇيۇمىنى مەخپىي ھالدا بۇنيامىننىڭ يۈك ـ تاقلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى. ئەتىسى كۈنى، ئاكىلىرى يولغا چىقىپ بولغاندا بىر ئەسكەر ئۇلارنى يولدا توختىتىپ، يۈك تاقلىرىنى ئاقتۇردى. بۇنيامىننىڭ يۈك ـ تاقلىرى ئارىسىدىن پادىشاھنىڭ قىممەتلىك بۇيۇمى تېپىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇنيامىن مىسىردا ئېلىپ قېلىندى. ئاكىلىرى شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، كۈچى يەتمىدى. نائىلاج بۇنيامىننى تاشلاپ قويۇپ، يۇرتىغا قايتتى. بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى دادىسىغا ئېيتتى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۈسۈفتىن ئايرىلغىنى يەتمىگەندەك،

ئەمەلىلىكتە بۇنىيامىندىنمۇ ئايرىلغان ئىدى. ئايرىلىش ھەسرىتىدە تۇلا يىغلاپ كۆزى كۆرمەس بولدى. لېكىن يەنە ئۈمىدىنى يوقىتىپ قويماي: «مەن چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن. ئاللاھ بىر كۈنى باللىرىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» دېدى.

بىر مۇددەتتىن كېيىن، ئاكىلىرى بۇنىيامىننى ئېلىش ئۈچۈن مىسىرغا كەلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇكىسى بۇنىيامىننى كەچۈرۈم قىلىشنى، قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇكاڭلار يۇسۇفكە قانداق قىلغان ئىدىڭلار؟» دەپ سورىشى بىلەن ئاكىلىرى: «سەن يۇسۇفمۇ؟» دەپ، كۆڭلىدە قورقۇشقا باشلىدى. لېكىن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە يامانلىق قىلغان ئاكىلىرىنى ئەپۇ قىلدى. ئۇلارغا: «كۆڭلىكىمنى ئاپىرىپ دادامغا بېرىڭلار، ئۇ مېنى پۇرىقىمدىن تونۇيدۇ» دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى باغرىغا باستى، كۆزىگە سۈرتۈپ پۇرىدى. دەل بۇ چاغدا ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قايتا نۇر بەردى. ھەممىسى بىرلىكتە مىسىرغا كەلدى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام دادىسىغا: «جېنىم دادا، كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن ھېلىقى چۈشنى رەببىم راستقا ئايلاندۇرۇپ بەردى. ئەلھەمدۇلىللاھ» دېدى.

يۇسۇف ئەلەيھىسسالام مىسىردا ئۇزۇن زامان خەلققە ئادالەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىك ۋە رەھبەرلىك قىلدى. ھەمىشە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە چاقىردى.

ياقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ ھاياتى قۇرئانى كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.

## سۇدا بىر بوۋاق: مۇسا ئەلەيھىسسالام

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەنلەر ئىسرائىل ئوغۇللىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مىسىرغا يەرلىشىپ، بۇ يەردە بارغانسىرى كۆپەيدى. مىسىرغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان پىرئەۋن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى قۇلغا ئوخشاش ئىشقا سالاتتى. پىرئەۋن بىر كېچە چۈشىدە بىر ئوتنىڭ تەختىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇ يامان چۈشكە ئىسرائىل ئوغۇللىرى ئىچىدە توغۇلىدىغان بىر ئوغۇل

بالىنىڭ پىرئەۋنىنى تەختتىن چۈشۈرىدىغانلىقىنىڭ ئىشارىتى دەپ تەبىر بېرىلدى. ئۇ يىلى تۇغۇلغان بارلىق ئوغۇل بوۋاقلار پىرئەۋنىنىڭ ئەمرى بىلەن رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلاندى. مۇسا شۇ يىلى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن بىرى ئىدى. مۇسانىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىچارە ھالدا ئازاپلىنىپ تۇرغاندا ئاللاھتىن ئۇنىڭغا بىر ئىلھام كەلدى: «ئۇنى ئېمىتكىن، بېشىغا بىر ئىش كېلەرمىكىن دەپ قورققان چېغىڭدا ئۇنى سۇغا تاشلا. خاتىرجەم بول، قورقما. چۈنكى بىز ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز.»

ئانىسى يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقى مۇسانى ئېمىتتى. سۆيۈملۈك بالىسىنى ئاخىرقى قېتىم سۆيدى. ئۇنى ئاللاھقا ئامانەت قىلىپ، بىر ياغاچ بۆشۈككە سېلىپ نىل دەرياسىغا تاشلىدى. مۇسانىڭ ئاچىسى تېخى كىچىك ئىدى. ئۇ سۇدا ياغاچ بۆشۈك ئىچىدە ئېقىپ كېتىۋاتقان ئۇكىسىنىڭ كەينىدىن جىمجىت ھالدا ئەگىشىپ ماڭماقتا ئىدى.

سۇنىڭ ئېقىشى بىلەن بوۋاق مۇسا قويۇلغان بۆشۈك پىرئەۋنىنىڭ ئوردىسىغا قەدەر كەلدى. پىرئەۋنىنىڭ خانىشى ئاسىيە دەريا بويىدا كېتىۋاتقاندا سۇدىكى بوۋاقنى كۆرۈپ قالدى. بۆشۈكنىڭ يېنىدا يېقىن كېلىپ قاراپ ئۇنىڭ ئىچىدە تاتلىق بىر بوۋاق بالىنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. دەرھال بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنى باقتى. ئۆزىنىڭ بالىسىدەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغانتى ئۇنى. بوۋاقنى كۆتىرىپ ئېرى پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ بالىنى ئۆلتۈرمەسلىكىنى ئۆتۈندى. پىرئەۋنى ماقۇل كەلتۈرۈپ، مۇسا ئوردىدا ئۇلارنىڭ بالىسى بولۇپ ياشاشقا باشلىدى. ئەمدى بالىنى ئېمىتىدىغانغا بىر ئىنىكئانا لازىم ئىدى. لېكىن بوۋاق ھېچقانداق ئايالنىڭ سۈتىنى ئەمگىلى ئۇنىمىدى. مۇسانىڭ ئاچىسى ئۇنى ئېمىتىدىغان بىر ئايالنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇسانىڭ ئانىسىنى ئوردىغا باشلاپ كەلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مۇسانىڭ ئانىسى بالىنى ئېمىتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئوردىغا كەلدى. بوۋاق ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئىشتىھا بىلەن ئەمدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا پىرئەۋنىنىڭ ئوردىسىدا ئۆز ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ياشاپ چوڭ بولدى. مۇسا چوڭ بولغاندا پىرئەۋنىنىڭ ئوردىسىدىن ئايرىلىپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتىغا باردى، ئۇ يەردە بىر مەزگىل پادىچىلىق قىلدى. دۇرۇستلىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئەتراپىدىكى ئىنسانلارغا ياخشى تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ يەردە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى.



مۇسا ئايالى بىلەن بىرلىكتە مىسىرغا قايتىشقا نىيەتلىنىپ يولغا چىقتى. تۇر تېغىغا كەلگەندە ئاللاھتىن ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىپ، پەيغەمبەرلىككە تەيىنلەندى. ئۇلۇغ ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا بېرىپ، توغرا دىننى تەبلىغ قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئوخشاش پەيغەمبەر بولغان قېرىندىشى هارۇن ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ پىرئەۋنىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنى ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكىنى تونۇشقا، يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭدىن ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا زۇلۇم سالماسلىقنى تەلەپ قىلدى. لېكىن پىرئەۋن بۇنى رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىدىكى هاسىنى يەرگە تاشلىۋىدى، هاسا چوڭ ئەجدىرھاغا ئايلاندى. پىرئەۋن بۇنى بىر سېھىر دەپ ئويلاپ، دەرھال سېھىرگەرلەرنى چاقىرىپ ئۇلارغا: «تېزدىن مۇسانىڭ سېھىرلىرىنى يوق قىلىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. سېھىرگەرلەر بارلىق هۈنەرلىرىنى ئىشقا سالدى. بىراق مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ هاسىسى بارلىق سېھىرلەرنى يۇتۇۋەتتى. سېھىرگەرلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكىنىنىڭ سېھىر ئەمەس، مۆجىزە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى. لېكىن پىرئەۋن ئىمان ئېيتمىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام خەلقنى يېنىغا ئېلىپ مىسىردىن چىقىپ كېتىشكە نىيەتلەندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پىرئەۋن ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى. قىزىل دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا كەلگەندە ئارقىسىدىن يېتىشىۋالدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا قولىدىكى هاسا بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇشنى ئەمر قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام هاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرۇشى بىلەنلا قىزىل دېڭىز ئىككىگە ئايرىلدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققانلار دېڭىزدا ئېچىلغان يولدىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا سالامەت چىقتى. پىرئەۋن ۋە ئەسكەرلىرى بۇ يولدىن ئۆتمەكچى بولۇپ كىرىشى بىلەنلا دېڭىز سۈيى قوشۇلۇپ كەتتى. پىرئەۋن ۋە ئەسكەرلىرى دېڭىزغا غەرق بولدى. شۇنداق قىلىپ ئاللاھ ئۆزىگە ئىمان ئېيتقانلارنى كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆمۈر بۇيى خەلقنى پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا هېچكىمنى شېرىك قىلماسلىققا دەۋەت قىلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى قۇرئانى ـ كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.

## تۆمۈرچىلىك ئۇستىسى پەيغەمبەر: داۋۇد ئەلەيھىسسالام

ئاللاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى، ئۇنىڭغا «زەبۇر»نى بەردى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ سەۋەپتىن كۈلتۈرىمىزدە ئاۋازى يېقىملىق كىشىلەرنى ئاۋازى داۋۇدنىڭكىدەك دەيدىغان ئادەت بار. داۋۇد ئەلەيھىسسالام گۈزەل، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن دۇئا، مۇناجات قىلغاندا ئاڭلىغانلار ھەممىسى تەسىرلىنىپ كېتەتتى.

ئاللاھ تاللاپ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە پەقەت دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، ئۇلارغا يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئالاقىدار بىلىملەرنىمۇ ئۆگەتكەن. ئاللاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا تۆمۈرنى يۇمشىتىپ، خالىغان شەكىلگە كىرگۈزۈشنى ئۆگەتكەن. تۇنجى تۆمۈرچىلىك ئۇستىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ خەلقى دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا تۆمۈر ساۋۇت ـ دوبۇلغىلارنى كىيىپ ئۆزىنى قوغدىغان.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى قۇرئانى ـ كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.

## قۇشلار بىلەن گەپلىشەلەيدىغان پەيغەمبەر: سۇلايمان ئەلەيھىسسالام

ئاللاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن قۇدرەتلىك بىر ھۆكۈمدارلىق تەلەپ قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. ئاللاھ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ھايۋانلارنىڭ، قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭغا شامالنىمۇ باشقۇرۇش كۈچى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتكۈل جانلىقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىغان بۈيۈك ھۆكۈمران بولدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنىدا قۇشلارمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى، قوشۇنى بىلەن جەڭگە كېتىۋاتقاندا ھۆپۈپنىڭ يوقاپ

كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى چاقىرتىپ سەۋەبىنى سورىدى. ھۆپۈپ ئۇنىڭغا سەبە دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى بىلقىس ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدار ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. سەبە خەلقى قۇياشقا چوقۇناتتى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلقىسقا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ۋە خەلقىگە ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇلارنى پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. بىلقىس ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ مەكتۇپنى ئوقۇدى، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ۋەزىرلەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدىغان بىلقىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە ئەۋەتتى. لېكىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىيەلەرنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىلقىس سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئوردىسىدا زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلقىس ئۇنىڭ ئوردىسىغا كېلىشتىن ئىلگىرى بىلقىسنىڭ تەختىنى ئوردىغا ئېلىپ كەلتۈردى. بىلقىس تەختىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدى. بولۇپمۇ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇ ئۈستىدىكى ئەينەك سارىيى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. بىلقىس ئىنسانلارغا بۇنداق كۈچنىڭ پەقەت ئۇلۇغ ياراتقۇچى تەرىپىدىنلا بېرىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى. قۇياشقا چوقۇنۇشنى تاشلاپ، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ئىمان ئېيتتى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە ئىنسانلارغا ۋە باشقا جانلىقلارغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى قۇرئانى ـ كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.

## بىر بوۋاق گەپ قىلىۋاتىدۇ: مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى مەريەمنى تونۇيدىغانلار ھەممىسى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. جەمىيەتتە ئىناۋەتلىك بار ئىمران ئائىلىسىنىڭ قىزى ئىدى. ئاللاھ جىبرىئىل ئىسىملىك پەرىشتىنى ئۇنىڭغا ئىنسان سۈرىتىدە ئەۋەتتى. مەريەم ناتونۇش بىر ئەر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن قورقۇشنى

ۋە ئۆزىگە ئەسكىلىك قىلماسلىقنى ئۆتۈندى. جىبرىئىل بولسا، ئۇنىڭغا: «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىمەن، ئاللاھنىڭ ساڭا بىر سالىھ ئوغۇل بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دەپ خوشخەۋەر يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولغان مەريەم: «مەن توي قىلمىدىم، ئەخلاقسىز، ناچار ئايالمۇ ئەمەسمەن. مېنىڭ قانداقمۇ بالام بولسۇن؟» دېدى. جىبرىئىل مەريەمگە: «شۇنداق، بۇ ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈن ناھايىتى ئاساندۇر. ئاللاھ سېنىڭ ئوغلۇڭ ئىسانى ئىنسانلارغا بىر مۆجىزە قىلىپ ياراتتى. ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر» دېدى.

## كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى

مەريەم تۇغىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئىنسانلاردىن ئۇزاق بىر يەردە، بىر خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىسانى تۇغدى. مەريەم بالىسىنى كۆتىرىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇنى ئىنتايىن ئېغىر بىر ئىمتىھان ساقلاپ تۇراتتى. كىشىلەر مەريەمنىڭ توي قىلماي تۇرۇپ بالا تۇغۇشىغا ھەيران قالدى، ئۇنى بوزۇق ئايال قاتارىغا چىقىرىپ، ئەيىپلەشتى. ئۇنىڭغا: «ئەي مەريەم، سەن بەك سەت بىر ئىش قىلدىڭ!» دېدى. مەريەم: «مەن خىجىل بولغۇدەك بىر ئىش قىلمىدىم، بالام ئىسا ئاللاھنىڭ مۆجىزىسىدۇر. ماڭا ئىشەنمىسەڭلار ئۇنىڭدىن سوراڭلار» دەپ ئىشارەت قىلدى. كىشىلەر يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاقنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن بۇ چاغدا بىر مۆجىزە يۈز بەردى، بوۋاق ئىسا سۆزلەشكە باشلىدى: «مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمەن، ئۇ مېنى ئىنسانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئانامغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مېنى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ساقلىدى. تۇغۇلغان چېغىمدا، ئۆلگەن چېغىمدا ۋە يېڭىدىن تىرىلدۈرۈلىدىغان چېغىمدا ئاللاھ ماڭا ياخشىلىق ئېھسان قىلىدۇ.» دېدى. كىشىلەر يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ گەپ قىلالىشىغا ھەيران قالدى. مەريەمنى ئەيىپلەشنى توختىتىپ كېتىپ قالدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام چوڭ بولغاندا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردەك ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا، ياخشىلىق

قىلىشقا ناچار ۋە يامان ئىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇشقا چاقىردى. ئۇنىڭ قۇتلۇق چاقىرىقىغا ئىشەنمىگەن ئىنسانلار ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتقان دوستلىرىغا (ھاۋارىيلىرىگە) ئەزىيەت قىلدى، زۇلۇم سالدى. لېكىن ئاللاھ پەيغەمبىرىنى ۋە ئىمان ئېيتقۇچىلارنى ئىنكارچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى قۇرئانى ـ كەرىمدە ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان.

## قۇرئانى ـ كەرىم: ۋەھيى مەدەنىيىتى

ھەقىقەت ۋەھيى بىلەن بىلدۈرۈلدى،
ۋەھيى بىلەن ئايدىڭلىققا چىقتى ئىنسان،
ۋەھيى بىلەن راھەتلەندى،
ئۆلۈم يوقۇلۇش ئەمەستى چۈنكى.
خوشخەۋەرنى ۋەھيىدىن ئالدى،
ۋەھيى بىلەن ئايرىلدى يوللار،
ھەقىقەت ئېنىق ئوتتۇرىدا ئىدى،
ئىمان بىلەن كۇفۇر ئېنىق بىلىندى،
قۇتلۇق سۆزلەردىن كەلگىنى،
مۆمىنگە ئۈمىد، كاپىرغا قورقۇش بولدى.
چاغ ـ چاغ، توپ ـ توپ ھالدا،
مىسىردىن، رومدىن،
قۇددۇستىن ۋە مەككە بىلەن مەدىنىدىن،
قاراڭغۇلۇقنى يىرتىپ،
بەزىدە ئوتتىن، بەزىدە بىر قۇدۇقتىن،
بەزىدە بىر بېلىقنىڭ قورسىقىدىن،
بەزىدە قىزىل دېڭىزدىن،
داستانلار ياڭرىتىپ،
ۋەھيى ئىلە پاكىزلاندى،
ۋەھيى ئىلە يوغۇرۇلدى زامان.